ISSN 1653-0185

# غرب شاملی



# تۇرۇك يىللىقى (كالىندارى) 4642-يىلى (تۇخا يىلى) مىلادى 2005-2006 -يىلى

جەدۋەللەشتۈرگۈچى: ھونتېكىن

| | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تۇرۇك | بىرىنچى ئاي | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | | |
| مىلادى | فېۋرال | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | | مارت |
| تۇرۇك | ئىككىنچى ئاي | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | |
| مىلادى | مارت | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | ئاپرېل |
| تۇرۇك | ئۈچىنچى ئاي | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | | |
| مىلادى | ئاپرېل | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | | ماي |
| تۇرۇك | تۆتىنچى ئاي | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | |
| مىلادى | ماي | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | ئىيۇن |
| تۇرۇك | بەشىنچى ئاي | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | |
| مىلادى | ئىيۇن | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | ئىيۇل |
| تۇرۇك | ئالتىنچى ئاي | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | | |
| مىلادى | ئىيۇل | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | | ئاۋغۇست |
| تۇرۇك | يەتتىنچى ئاي | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | |
| مىلادى | ئاۋغۇست | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | 1 | 2 | 3 | 4 | سېنتەبىر |
| تۇرۇك | سەككىزىنچى ئاي | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | |
| مىلادى | سېنتەبىر | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 1 | 2 | 3 | 4 | ئۆكتەبىر |
| تۇرۇك | توققۇزىنچى ئاي | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | | |
| مىلادى | ئۆكتەبىر | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | 1 | 2 | | نويابىر |
| تۇرۇك | ئونىنچى ئاي | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | |
| مىلادى | نويابىر | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 1 | 2 | دېكابىر |
| تۇرۇك | ئون بىرىنچى ئاي | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | | |
| مىلادى | دېكابىر | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | | يانۋار |
| تۇرۇك | ئون ئىككىنچى ئاي | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | | |
| مىلادى | يانۋار | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | | فېۋرال |

پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

# غەرب شامىلى

«غەرپ شامىلى» ژۇرنىلى رېداكسىيەسى نەشر قىلدى

# غەرپ شاملى

باش مۇھەررىر: كۈرەش سۇلتان

مەسئۇل مۇھەررىر: تۇركىزات

تەھرىر : ئابدۇرېشىت ھاجى




## ئىز

باش ئىدىۋق مۇشكۇل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى ئاتقا مىنگۈدەك بوپقالدى ئەنە نەۋرىمىز.
ئاز ئىدىۋق مۇشكۇل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى چوڭ كارۋان ئاتالدۇق قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز.
قالدى ئىز چۆللەر ئارا، گاھى داۋانلاردا يەنە،
قالدى نى- نى ئارسلانلار دەشتى چۆلدە قەبرىسىز.
قەبرىسىز قالدى دىمەڭ بۇلغۇن قىزارغان دالىدا،
گۈل-چېچەككە پۈركۈنۈر تاڭنا باھاردا قەبرىمىز.
قالدى ئىز، قالدى مەنزىل، قالدى يىراقتا ھەممىسى،
چىقسا بوران، كۆچسە قۇملار ھەم كۆمۈلمەس ئىزىمىز.
توختىماس كارۋان بولىدىن گەرچە ئاتلار بەك ئورۇق،
تاپقۇسى ھېچ بولمىسا بۇ ئىزنى بىر كۈن نەۋرىمىز يا چەۋرىمىز.

2005-يىلى 2- سان

# مۇندەرىجە

هەر پەسىلنىڭ بىرىنچى ئېيىنىڭ بېشىدا نەشىردىن چىقىدۇ.

خەلقارادا ئاشكارە تارقىتىلىدۇ.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇشتىرى بولۇشىنى قارشى ئالىمىز.

ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئەسەر ئەۋەتىشىنى قىزغىن تەۋسىيە قىلىمىز


مەشھۇر ئەسەرلەر

تۈركىستان قايغۇسى.......................... ئېلىخان تۆرە ساغۇنى 5

تەيەككۇردىن تامچىلار

شەخسىنىڭ تارىختىكى رولى..........................سىدىقھاجى روزى 16

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھەقلىرى

مىللى تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى...ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر 23

مارشالاردىن تاللانما

مارشلاردىن تاللانما..........................................كۆرەش كۆسەن 31

بىزنىڭ كىشىلىرىمىز

ئۇ بىر بايراق، ئۇ بىر لىدېر، ئۇ بىر يول...............مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەت 40

تارىختىن تەجرىبە

چوڭ شاھمات تاختىسىدىكى پاجىئەلىك قىسمەت............نەبىجان تۇرسۇن 47

# ژورنالنىڭ تەكلىپلىك خادىملىرى

## تەھرىر ھەيئەتلەر

ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر (ئامېرىكا)

ئالىمجان تىلۋالدى (قازاقىستان)

ئەخمەتجان ئوسمان (كانادا)

پەرھاد مۇھەممىدى (گېرمانىيە)

رۇقىيە (كانادا)

سەمەت (نورۋېگىيە)

شۆھرەت ھوشۇر (ئامېرىكا)

قاھار بارات (ئامېرىكا)

تۇرسۇن (فىلاندىيە)

نەبىيجان (ئامېرىكا)

ئۆمەر قانات (ئامېرىكا)

(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

## مەسلىھەتچىلەر

ئەخمەت ئىگەمبەردى (ئاۋستىرالىيە)

تۇرسۇن ئىسلام (قىرغىزىستان)

دولقۇن ياسىن (قازاقىستان)

مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەت (تۈركىيە)

غولامىدىن پاختا (ئامېرىكا)

قەھرىمان غوجامبەردى (قازاقىستان)

(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئىنسان ھەقلىرى دېموكراتىيە ئەركىنلىك تىنچلىق باراۋەرلىك مۇستەقىللىق



# تۈركىستان قايغۇسى

## ئېلىخان تۆرە ساغۇنى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بېشبالىق خارابىلىرىدىن تېپىلغان قېزىلما-تېپىلمىلاردىن مەلۇم بولدىكى، بۇيەردە ئەسىرلەردىن بېرى تۈركلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىپ ياشاپ كەلگەنلىكىنى مەدەنىيەت، ئىلىم- پەن بىلەن بۇرۇنلا شۇغۇللانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بالاساغۇن بولسا ئۇنىڭ قۇرۇلۇش تارىخى مىلادىدىن ئىككى مىڭ يىللار ئىلگىرى ئۆتكەن ئىران كىيانى پادىشالىرىدىن كەيكاۋۇسكى، كەيخىسراۋ زامانىدىشى ئىرانچە ئەفراسىياپ، تۈركچە دوقوخان ئاتالغان، تۈرك خاقانىنىڭ ئۈچىنجى پايتەختى ئىدى. ئۇنىڭ بىرىنچى پايتەختىنىڭ سەمەرقەند بولغانلىقىدىن كونا تارىخچىلار گۇمان قىلىشىدۇ. بىراق شەھەر چېتىدىكى كەڭ مەيدان خارابىسى بارلىق خەلق ئاغزىدا ئەفراسىياپ ئاتىلىشى ۋە بۇ ياقلاردا ئۇيەردىن مىلادىدىن بۇرۇنقى كونا دەۋرلەر ئەسەرلىرىنىڭ تېپىلىشى تۈرك خاقانى ئەفراسىياپنىڭ پايتەختى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭغا سەمەرقەند شەھرى جاھانگىر ئىسكەندەر ماكادونىيە تەرىپىدىن قۇرۇلغان، دىگەن پەرەزنى ئىسپاتلاب بېرەلمەيدۇ. چۈنكى ئىسكەندەرنىڭ ئەفراسىياپ دەۋرىدىن كۆپ يىللار كېيىن كەلگەنلىكى ھەممىگە مەلۇم.

تارىخى ھىجرىيەنىڭ 536 ـ يىلى خىتاي كۇخان بىلەن سۇلتان سانجار بىناكەنت ئەتراپىدا توقۇنۇشۇپ، سۇلتان سانجار قاتتىق مەغلۇبىيەتكە مۇپتىلا بولغان ئىدى. بۇئۇرۇشتا سانجارنىڭ ئەسكىرىدىن 30 مىڭ كىشى قۇربان بولغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ماۋرائۇننەھرى سانجار قولىدىن چىقىپ، 71 يىل خىتاي كۇخان قولىدا قالدى. كېيىن خارەزمدىن سۇلتان مۇھەممەد، كۇخان ئەسكىرىنى بۇخارا، سەمەرقەند، پەرغانە ۋادىسىدىن ھەيدەپ چىقاردى. تىراز (تالاس ــ ھازىرقى جانبۇل)دا بولغان ئۇرۇشتا كۇخان تەرەپ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن ، باش قۇماندانى تايانكۇ ئەسىر ئېلىنىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان كۇخان ئالمىلىق، بېشبالىق تۈركلىرىدىن ئۆز قۇماندىسىغا ئەسكەر ئېلىپ، كىتان يەرلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. تىراز غەلبىسىدىن كېيىن سۇلتان مۇھەممەد، تايانكۇ باشلىق پۈتۈن ئەسىرلەرنى ئېلىپ خارازمگە قايتىدۇ. كۇخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېين پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنىڭغا قارشى ھوجۇمغا ئۆتۈپ، يەنە بىناكەنت ئەتراپىدا قاتتىق تىركىشىپ، ئىككى تەرەپ ئارىسىدا جەڭ بولىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك تۈرك ئەسكەرلىرى بولغانلىقىدىن، ئۇرۇش قاتتىق داۋام قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا كۇخان تەرەپ قاتتىق تىركەشكەن بولسىمۇ ئۇنۇم بەرمەي كەينىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئارىدا ئالتايدىكى نايمان تۈركلىرىدىن تايانخان ئوغلى كۈچلۈك خان، كۇخانغا قارشى ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم باشلاپ، ئالمىلىقنى ( ھازىرقى ــ غۇلجا شەھرىنى) ئېلىپ بالاساغۇنغا كىلىۋاتقان خەۋىرى ئاڭلانغان ئىدى. بۇ چېكىنىشتە خارەزملەر ئارقىدىن زەربە بېرىپ تىرازغا يەتكۈچە قوغلاپ ماڭدى. بۇ يەردە كۇخان توختاپ قارشىلىق كۆرسەتمىگەن بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنى بىر ئۇرۇش ھىلىسى بولمىسۇن دەپ سۇلتان مۇھەممەد شۇ يەردە توختاپ قالدى. كۇخان شۇ يۈرگۈنچە يۈرۈپ بالاساغۇنغا كەلدى. بۇيەرمۇ ئۇنىڭغا قويبولغان قىلتاقتەك سېزىلدى. بۇيەردىكى ئوغۇز مۇسۇلمانلىرى خارەزمى شاھنىڭ غەلبە قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇ قويغان باسقاق ھاكىم شەھەر باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي ئۆلتۈرۈپ، سۇلتان ئەسكىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. بىراق ئۇلارنىڭ كۇخاننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ دۈشمەننى ئۈزۈل- كېسىل يوقىتىدىغان كۈچى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ياردەمسىز قالغان بالاساغۇن مۇسۇلمانلىرىنى كۆچمەن تۈرك ئۇلۇسلىرىنىڭ ھەر تۆرىدىن توپلانغان قوشۇن بىلەن كىلىۋاتقان كۇخان، بۇ شەھەرنى قاتتىق قامال ئاستىغا ئالدى. قورال ـ ياراغ جابدۇقلىرى تولۇق، ئۇرۇش ئۇستىدىن قايتقان، ئۆلجىغا قىزىقىدىغان، قۇرۇق قول

قايتىشنى خالىمايدىغان، ئاز دېگەندە يۈزمىڭ ئەسكىرى بار قوشۇنغا ئۇ زامانىنىڭ شارائىتىدە بۇ شەھەر خەلقى ھېچ قاچان كۈچى يەتمەيتتى. قامالدىن 16 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاچ بۆرىدەك ئېچىرقاپ كەتكەن بۇنچىۋىلا ئەسكەر ھەيۋە بىلەن كىرىپ، شەھەرنى يېڭىدىن ئالدى ۋە ئولجىغا ئالغان مال، ئەسىرلەردىن باشقا ئاز بولغاندا مۇسۇلمان ئەسكەرلەردىن يەتمىش مىڭنى ئۆلتۈرگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوغۇزخاندىن قالغان كونا مەدەنىيەتلىك يەرلىك ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ مەركىزى سانالغان قۇتلۇق بالاساغۇن شەھىرى ھايات ئالەمدىن كۆز يۇمغان ئىدى.

چىڭگىزخان دەۋرىگە كەلگۈچىلىك تۈركىستان خەلقى ئىچىدە بۇنداق قىرغىن بولۇپ كۆپ قان تۆكۈلمىگەن ئىدى. بۇ شەھەر ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى شانلىق شەرىپى، ناتۇقلۇغى بىلەن ھازىرغىچە( 1966. يىلىغىچە) ئاقپىشىن، تۆرتكۆل، بۇرانە خارابىلىرىنى قالدۇرۇپ تۇرۇپتۇ. بۇيەردە ناھەق تۆكۈلگەن قانلار ئىگىلىرى بۇرانە مۇنارىسى ئارقىلىق شاھادەت بايرىقىنى كۆتۈرۈپ, ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامىيەتلىرىنى ئاخىرغىچە بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ.

پۈتۈن تۈرك ئۇلۇسىنىڭ ئەڭ كونا مەدەنىيىتى ئەدەبى تىلى ھىسابلانغان قۇتاتقۇبىلىك كىتابىنى يازغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇشۇ بالاساغۇنلۇق ئىدى. ئىسلام ئالەمدە شۆھرەت قازانغان مەشھۇر لۇغەت كىتابى سەھخاھ جەۋھەرىنى ئەرەپچىدىن پارىسچىگە تەرجىمە قىلغان جامال قۇزمشى دېگەن كىشىمۇ مۇشۇ بالاساغۇنلۇق ئىدى. تارىخى رەشىدى (قەشقەر تارىخى) نىڭ ئىگىسى مىرزا ھەيدەر كوراگان بىر ۋاقىتلاردا بالاساغۇندا يۈزلەپ كىتاپلار يېزىلغان ئىدى دەپ، شۇ تارىخى كىتاۋىدا يازغان ئىدى.

1908 ــ يىلى بالاساغۇن خارابىسىدىن 15 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ھازىرقى توقماق شەھىرىدىن بىر قەۋرە تېشى تېپىلغان ئىدى. ئۇنىڭغا يېزىلغان ئەرەپچە خەتنى ياشلىقىمدا ئۆزەم ئوقىغان ئىدىم. ئارىدىن ئاتمىش يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ مەزمۇنى ھېلىغىچە يادىمدا تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى، بۇ قەۋرىنىڭ ئىگىسى ئۆز زامانىسىنىڭ ئۇلۇغ ئالىملىرىدىن بولۇپ، بىر نەچچە كىتاپ يېزىپ قالدۇرغانلىقىنى، يېشى ئوتتۇزغا يەتمەي تۇرۇپ، ھىجرىيەنىڭ 755 ـ يىلى شېھىد بولغانلىقىنى يازغان ئىكەن. بۇ تاشتىكى پۈتۈن خەتلەرنى يېزىۋېلىشقا قىزىققان بولسامۇ، ئۇنىڭغا ئۈلگۈرەلمەي قالغان ئىدىم. ئۇ تاش ھازىرمۇ توقماقتىكى تۇنگان بايلىرىدىن مۇھەممەدجان شىسانگۈي ئۆيىدە ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ بايرام كۈنلىرى ئادەت بويىچە ھېيت پەتلەپ ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە مېھمانلار كېلىشكەن ئىكەن. روسلاردىن بىر نەچچە شەھەر باشلىقلىرى كېلىپ، ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىدىكى ھەممە كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان، كۆرىنىشى ھەيكەلگە ئوخشايدىغان، ئۆينىڭ تەكچىسىگە قويۇلغان تاشقا كۆزى چۈشۈپ، ئۇنىڭدىن سورىغان ئىكەن. ئۇ تاشنىڭ تارىخىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن بۇنى بىلىپ بىز بۇنى ئاق پادىشاھنىڭ مۇزىيىغا ئەۋەتىپ بېرىمىز دەپ ئېلىپ كەتكەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، باشقا نەرسىلىرىمىزدىن ئايرىلغانغا ئوخشاش بۇنىڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالغان ئىدۇق. ئەمما بۇ تاشنىڭ باش ئايىغىنى بىلىش ئۈچۈن كۆپ ئەسىرلەر يېزىلغانلىقى مەلۇم. ھەرھالدا بېشى ئىسسىق كۆل، ئايىغى مىركى يەتتە سەككىز كۈنلۈك يول بويىلاپ، تۇتاش خارابىلەر ئۈزۈن يىللاردىن بېرى ئۆزۈلمەي چىقىۋاتقان كونا تارىخى ئەسىرلەر، ئۆز دەۋرىدە بۇيەرلەر ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ ياشاپ كەلگەن ئاۋادان شەھەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن ئىدى. 1960 ـ يىلىغىچە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئارخولوگ خادىملىرى ئاقپىشىن خارابىسىدىن بىر خىرومىدىن تۈپلەنگەن كىتاپ، يەنە بۇرانە ئەتراپىدا بىر قۇدۇق ئىچىدىن ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەڭ كونا تۈرك ھەرپى بىلەن يېزىلغان بىر كىتاپ ۋە بىر نەچچە تارىخى ئەسىرلەرنى تاپقانلىقىنى شۇ يەرلىك كۆرگەن كىشىلەر بىزگە سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. 1965 ـ يىلى توقماققا بارغىنىمدا ئۆتكەنلەرنى ئېسىمگە ئېلىپ، زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بالاساغۇن خارابىسىغا چىقتىم. يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ يىلى كولخوزچىلار يەر ھەيدەپ يۈرگەندە بىر كوزىدا ئالتۇن ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇلار ئۆز ئارا كېلىشەلمەي، ھەممىسىنى ھۆكۈمەتكە بېرىپ ئۆزلىرى قۇرۇق قول قالغان ئىكەن. يەنە توقماق بازىرىنىڭ قارشىسى چۇۋسوۋنىڭ ئۇ تەرىپى شور تۆپىدە كۆخان خىتايدىن قالغان بىر سېپىل بار ئىدى. ئىككىنچىسى بۇنىڭدىن قىرىق چاقىرىم تۆۋەنرەك كۈن پېتىش تەرەپتە چوڭلۇقى ئۇنىڭغا بىر نەچچە باراۋەر كېلىدىغان يەنە بىر سېپىل بولۇپ ئۆز ۋاقتىدا شەھەر قورغانى ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. مېنىڭچە بۇ باسمىچى كۆخاندىن قالغان يەرلىك تارىخى ئەسىرلەردىن ئىدىقۇت ئۆلكىسىدە بۇ ئىككى سېپىل خارابىسىدىن باشقا بىرەر نەرسە قالغانلىقى مەلۇم ئەمەس. بىراق ئۆزى بىلمىسىمۇ خەلق ئاغزىدا ئىككى ئېغىز خىتايچە گەپ ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ، بىرسى داموللا، يەنە بىرسى شىپاڭ. داموللا دېگىنى چوڭ موللا دېگەن مەنادىكى سۆز بولسا، شىپاڭ دېگىنى، زىياپەت زالى دېگەن سۆز ئىدى.

ئەمدى بۇ كۈنلەردە بۇ ئۆلكىنىڭ جەنۇبى تەرىپىدە

قىرغىز تۈركلىرى، شىمالدا قازاق تۈركلىرى ياشاۋاتىدۇ. تارىخ كاملىدا قىرغىز تۈركلىرى ئەرەبچە تىغرغز ئاتىلىدۇ. بۇ كىتابنىڭ ئېيتىلىشىچە تەخمىنەن ئىسلامدىن بىر ئىككى يۈز يىل بۇرۇن، شىمالدىكى مۇڭغۇل ۋە ئورىياتقا ئوخشاش مىللەتلەر، كۈچلۈك تۈرك ئۇرۇغلىرىنىڭ قىرغىنچىلىقىغا چىدىيالماي، جەنۇپ تەرەپكە چېكىنىپ، ئىدىقۇت ئۆلكىسى بالاساغۇن تاغلىرىغا تارقالغان ئىدى. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇلارنىڭ سانى بارا بارا كۆپىيىپ، كۈچلىنىپ كۆچمەنلىك كېسىلى قوزغۇلۇپ، شىمالدىن زىربە يەپ كەلگەنلىكى ئېسىدىن چىقىپ، يەرلىك خەلقتىن ھساپ ئېلىش نىيىتىدە، ئۆزىدىن مەدەنى ھساپلانغان ئوغۇز تۈركلىرىگە ئۈشتۈمتۇت ھۇجۇم قوزغىغىلى تۇردى. كۈچلۈك تەييارلىق ھالىتىدىكى دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمىگەن شەھەر خەلقى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ھەر ۋاقىت دالا كۆچمەنلىرىدىن يېڭىلىشى ئېنىق ئىدى. بۇنىڭ سەۋەپلىرىنى ھازىرچە يېزىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇ ھەركىشىگە چۈشىنەرلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئارتۇق يېزىشنى لايىق كۆرمىدىم.

شۇنىڭ بىلەن بالاساغۇن خەلقى ئۆزلىرىنى قىرغىزلاردىن مۇداپىئە قىلالماي يېڭىۋاشتىن ئەل ئىچىگە ئاتىغى چىققان ئالمىلىقتىكى ( غۇلجا) خىتاي كۆخانغا تەۋە بولۇپ ئۇنى چاقىرىشقا مەجبۇر بولدى. خىتاي خەلقىدىن ئادالەت ئۈزۈلمەيدۇ، دىگەن خەلق ئاغزىدىكى يالغان داۋراڭغا ئالدانغان بالاساغۇن خەلقى بۆرىدىن قېچىپ، قاسساپقا يولۇققان قويغا ئوخشاش ھالغا كەلدى. چۈنكى قىرغىزلار قانداقلا بولمىسۇن ئۆز قېرىنداشلىرى ئىدى. بۇلار بىلەن يارىشىش چارىسىنى ئىزلەشنىڭ ئورنىغا، باشقا بىر يات مىللەتنى چاقىرىشى ئۆز ۋەتىنىگە قىلىنغان خىيانەت ئىدى. بۇنداق خاتا سىياسەتلەر تۈپەيلى ئۆز ھاكىمىيىتىدىن ئايرىلىپ، قۇللۇق زەنجىرىگە گىرپىتار بولغان خەلقلەر تارىختا كۆپلەپ ئۇچرايدۇ.

مۇڭغۇلچە ماقۇلبالىق ئاتالغان بۇ بالاساغۇن شەھرى توغرۇلۇق بۇگۈنكى كۈنگىچە مەن كۆرگەن تارىخلەرنىڭ ھېچ بىرىدە بىر ئېغىز سۆز بولسىمۇ ئۇچرىتالمىدىم. چۈنكى بۇ ئۆلكە تۈرك دۇنياسىنىڭ بۆشىگى ئاتالغان ئۇيغۇر ـ ئوغۇز ئېلىنى ئۆز قۇچىقىدا ساقلاپ، ئۇلارنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتقان شۇنداق قۇتلۇق ئانا ۋەتىنىمىزنى، جاھالەت ئارقىلىق ئۆز بالىلىرىنى ياتلارغا باستۇرۇپ، ئۇنىڭ شانلىق شەرىپىنى ئەسلىرىدىن پۈتۈنلەي چىقارغان ئىدى. يۈزلەرچە ئەمەس، مىڭلارچە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، مەن ئۇ ئىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كەنجى ئوغلانى بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆز ئۆلۈسى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ئۇنتۇلغان ئانا يۇرتىمىزنى ئەسكەرتىش يۈزىسىدىن، ئۆزۈمدىن بۇرۇن كۆڭلۈمدە يىغىلىپ ياتقان بۇ ھەقتىكى تارىخى سۆزلىرىمنى كېلىچەك ئەۋلادلىرىمغا بىلدۈرۈپ ئۆتۈش مەقسىتىدە بۇ ئىشنى يازدىم. ئۇلارغا ئىلتىجايىم شۇكى، يات دۈشمەنلەر ئاياق ئاستىدا يېتىۋاتقان ۋەتىنىمىزنى ئەسكە ئېلىشسۇن ۋە ئۇنى قانداق قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولىنى ئىزدىسۇن!

شۇنداق بولۇپ, بالاساغۇن ۋەقەسىدىن كېيىن كۆخان ئۆزىمۇ كۆپ ياشىيالمىدى. دۆلىتىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆز دۈشمىنى ئاتالغان كۈشلۈك خانغا قىزىنى بېرىپ ئۇنى كۆيئوغۇل قىلغان بولسىمۇ، يەنە مەقسىدىگە يېتەلمىدى. ئۇنىڭ پايتەختى بولغان ئالمالىق ئۆلكىسىنى پۈتۈن ئەتراپى بىلەن كۈشلۈك خان ئىلى نايمان تۈركلىرى بىلەن بۇزۇپ، يىرىپ ئولتۇرۇپ، چېپىپ يەر بىلەن يەكسەن قىلىۋەتتى. كېيىن كۈشلۈك خان ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇيغۇرىستانغا ئۆتۈپ، يەكەن، خوتەنگىچە ھۆكۈمدارلىق قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئاخىرقى ھساپتا چىڭگىزخان ئەسكىرىگە دۇچ كېلىپ، چىڭگىزخاننىڭ ئەمىر بۇيرىقى بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ قۇرغان دۆلىتى تۈگىدى.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، توقماقتىن چىقىپ توغرا شەرققە قاراپ چىمقورغان، بۇرالدى، يىل ئارىلىق، تايغاق، مىدام تال، قۇۋاقى ئارقىلىق يول بېسىپ، قاراغاۋ قوچقارغا چۈشتۇق. بۇ يەردىن يۈرگىنىمىزچە ئارىدىن بىر نەچچە قونالغۇلار بېسىپ، دولان داۋانىنى ئېشىپ، نارىن سۇ بويىدىكى نارىن شەھرىگە كەلدۇق. بۇ شەھەر تۆت ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان بىر يەر ئىدى. روسلار تۈركىستاننى بېسىپ ئېلىپ كېيىن شەرقى تۈركىستانغا يۈرۈش قىلىش مەقسىدىدە، نارىن شەھرىگە سۇ بويىغا بىر قەلئە سالدۇرغان ئىكەن. ئالاتاۋ ۋە تىيانشان تىزمىلىرىنىڭ ئەڭ قويۇق ئورنى ۋە كۆچمەنچى قىرغىز تۈركلىرىنىڭ قايناق جايى ئارىلىقىدا بولۇپ، غەربى جەنۇبى ئۆزبېكىستان، شەرقى جەنۇبى ئۇيغۇرىستان بىلەن چېگراداش بولغانلىقتىن، سىياسى جەھەتتىن ئەھمىيىتى بەك زور ئىدى. بۇ يەردىن چىقىپ ئارىسى قىرىق بەش چاقىرىم كېلىدىغان ئاتبېشى قىشلىقىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە تاشكەنتلىك تۆياق باس ھاجى دىگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق. بۇ كىشى توقماقتا ئۇزۇن تۇرغان، ئۆز مەھەللىمىزدىكى كىشىلەردىن ئىدى. بۇ يەرمۇ تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، دالاسى كەڭ، ئوتلاق ـ يايلاقلىرى چوڭ،،ئارپا، ئاقسۇ دىگەن يەرلەرنىڭ چۆپى مول بولۇپ، قىمىزلىرى داڭدار ئىكەن. ئاتبېشىدا ئىككى كۈن

تۇرغاندىن كېيىن ئۇ يەردىن قوشماق ھاجىنى ئېلىپ جەمئىي ئۈچ كىشى يولداش بولۇپ يولغا چىقتۇق. ئالدىمىزدا بىر قونالغۇلۇق تاش رابادا چېگرا تۇسىدىغان ساقچىلار بولۇپ، ئۇنىڭ باشلىقى قىرغىز شامورقان دېگەن كىشى بىر نەچچە روس ئەسكەرلەر بىلەن تۇرىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگەن ئىدۇق. ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە تەس بولغانلىقى ئۈچۈن، قوشماق ھاجىمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن تۈز يولنى تاشلاپ، ئوغرى يول بىلەن مېڭىپ، بىل ئاشۇۋ دېگەن يەردىن كەتمەكچى بولدۇق. يولدىن كېتىۋاتقىنىمىزدا ئات يېتىلەپ ئۇزاقتىن بىر كىشىنىڭ كېتىۋاتقان قارىسىنى كۆرۈپ قالدۇق، بۇ كىشىمۇ بىزنى كۆرۈپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ بىزنى يېنىغا چاقىردى. بىز بۇ كىشىنىڭ يامان ئادەم ئەمەسلىكىنى تۇيۇپ، ئۇنىڭ قېشىغا باردۇق ئۇ كىشى بىزنى كۆرۈپ :سىلەر قانداق ئادەملەر ؟ تۈز يولنى تاشلاپ تەس يول بىلەن ماڭىدىغان، مېڭىڭلار دەپ بىزنى باشلاپ بىر كارۋان سارايغا ئېلىپ كەلدى. بۇ ئادەم بىز ئالدىن بىلگەن قىرغىز شامورقان دېگەن كىشى ئىكەن. شۇ ئارىدا قاياقتىندۇر ئىككى- ئۈچ قىرغىز يىگىتلەر كەلدى. ئۇلار بىلگە سىپاھ بەگلەردەك كۆمۈش ساپلىق قىلىچ ئاسقان يەرلىك قىرغىزلار ئىدى.ئۇلارمۇ كېلىپ چۈشتى. قوشماق ھاجىمنىڭ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ ، ھاڭ- تاڭلىقتا نېمە قىلارنى بىلمەي، ئەمدى ئىشىمىز قانداق بولاركىن، ئەگەر ئۇلار يول خېتى سوراپ قالسا، يول خېتىمىز يوق، ئاللا ساقلىسۇن، بىزنى قايتۇرۇپ بەرسە، ئۇ نارىنىدىكى جاللاتلارغا تاپشۇرۇپ بەرسە ۋاقىت يامان، چۈنكى ئۇ جاللاتلار بىزنى ھەش- پەش دېگۈچە ئۆلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. دېگىنىدەك ئۇ كۈنلەردە ھاكىمىيەت ئىشچى — كەمبەغەللەر ئۈستىگە قۇرۇلغان ھاكىمىيەت بولغانلىقتىن، ئاق قارىنى سۈرۈشتۈرمەستىنلا ئازغىنە ئىشنى باھانىلاپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ زاماندا ئىنسانى ھوقوق دېگەن نەرسە زادىلا يوق ئىدى. ئىشنىڭ ئوڭ سولىنى ئايرىيالمايدىغان كەمبەغەللەر ھاكىمىيىتى، ئىشچى، قوشچى، سۆرەمچىلەر قولىدا بولغانلىقتىن، خەلق ئىچىدە ئاز - كۆپ بىلىمى بار، بىر ئىشنى چۈشىنىپ يېتەلەيدىغان، كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەرنى ئىنقىلاپ دۈشمىنى ھېساپلاپ ئۆلتۈرەتتى. ئۇلارچە گۇناكار دەپ تونۇلغان ئادەملەر، جازاغا تارتىلىشى ئۈچۈن ئۇ كۈندىكى ھاكىملەر ئالدىدا ئۇ بىچارەلەرنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق بىر گۇۋا ئىسپاتى كېرەك ئەمەس ئىدى. مانا شۇ ۋەجىدىن ئۇلارنىڭ قىلغان گېپىدىن ماڭمۇ ئازراق تەسىر قىلدى بولغاي، مەنمۇ بىر ئاز تەشۋىشكە چۈشتۈم ھەممە ھەر ئىش ئاللانىڭ ئىزنىسىز بولمايدۇ دېگەن ئىشەنچە بىلەن بارلىقىمنى بىر ئاللاغا تاپشۇرۇپ ئۇنىڭ سۆھبىتى قىلىشقا كىرىشتىم. چاي قاينىشى بىلەن قېنى مىرزىلار چايغا كېلەيلى، بىز سىلەرنىڭ قولىڭىزلەردىكى ئادەممىز دەپ، خورجۇندىكى ياغلىق نان- توقاچ، قېزى، مېۋە - چېۋىلەرنى ئېلىپ، دەستورخانغا تۆكۈپ راسا مېھمان قىلدىم. چۈنكى ئۇ ۋاقىت ئاچارچىلىق، ئىلىك ئۈزۈلگەن كۆكلەم ۋاختى ئىدى. ئۇلار ئاچ قالغان بۆرىدەك ئالدىراپ، قويغا تىكىلگەن قاسقىردەك، تاماققا ھۇجۇم باشلاپ يېيىشكە باشلىدى. تاماقتىن كېيىن ئۇلار بىزدىن گەپ سوراپ : قېنى سىلەر قاياقتىن؟ قاياققا كېتىۋاتىسىلەر؟ تونۇشۇپ قويايلى! دېگىلى تۇردى.

مەن ھېچ بىر ئىككىلىنىپ ئولتارماستىنلا توغرىسىغىلا : «سىز بىلسىز، ئاخىرقى زامانىنى كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئۆزىمىزدىن چۇچۇپ قېچىپ چىققان كىشىلەر بىز، چېگرادىن ئۆتۈپ قەشقەر تەرەپكە كەتمەكچى ئىدۇق»،- دېدىم.

مېنىڭ بۇ گېپىمگە ئىشىنىپ باشقىچە گۇمان قىلمىغان بولسىمۇ، ئەتكەس مال بارمىكىن دېگەن خىيال بىلەن: «مېھمانلار خاپا بولماڭلار، قانۇن بويىچە سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى تەكشۈرۈپ كۆرەيلى»،- دېدى. ئالدى بىلەن مېنىڭكىنى تەكشۈردى.قارىغان ئىدى، قولىغا كىتاپ چىقتى. باشقىلارغا بىر قارىغاندەك بولۇپ:« سىلەر ياخشى كىشىلەردەك قىلىسىلەر! ھەممىمىز مۇسۇلمان، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولۇڭلاردىن نان يەپ، تۈز يەپ تۇرۇپ، سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشاق بولمايدۇ. بىزنىڭ باشلىقىمىز ئوروس، سىلەرنى كۆرۈپ قالسا نارىنگە قايتۇرۇۋېتىدۇ، ئەمدىكى مەسلىھەت، بىزنىڭ ياردىمىمىز شۇ بولسۇن، سىلەر بۇ چوڭ يولنى تاشلاپ ھېلىقى چىغىر يول بىلەن ماڭساڭلار، بىل ئاشۇۋ ئارقىلىق چېگرا ساقچىلىرىدىن ئۆتۈپ، بەش چاقىرىم يىراقلىقتىكى تاشرابادقا چۈشۈسىلەر»،- دېدى. بىز ئۇلاردىن بۇنداق غەمخورلۇقنى كۈتمىگەن ئىدۇق. بۇ سۆزنى ئاڭلىشىمىز بىلەن ئۇلارغا سەممىي مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئارقىمىزغا قايتىپ، قوشماق ھاجى باشلىغان يول بىلەن يولىمىزنى راۋانلاشتۇردۇق. لېكىن تاغ ئاراسىدىن سۇ بويلاپ يۈرگىنىمىزچە 3 — 4 سائەتتىن كېيىن بىل ئاشۇۋ دېگەن داۋانغا يېتىپ كەلدۇق. قارىساق داۋان ئۈستۈرسى بىر چاقىرىمچە ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان ئىكەن. چىقىدىغان ئۇ تەرىپىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىدى. بىراق كۆكلەم ۋاختى كېلىپ قار يۇمشاپ قالغانلىقى ئۈچۈن، قەيەرگە ئات سالساق شۇ يەرگە ئات قۇلاقىقىچە پېتىپ قېلىپ، بىر قەدەممۇ ئالغا ماڭالمىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋا سوغاق بولغانلىقتىن،

كەچقۇرۇنلۇقى تاغ باغرىدا تېخىمۇ توڭلاپ، سوغاق سۆڭەكلىرىمىزدىن ئۆتۈپ كەتكىلى تۇردى. كۆز قاراڭغۇسىدا بىر نەرسىنى كۆرۈش بەكمۇ تەس ئىدى. ئەگەر ئۇ يەردە بىر ئاخشام قونۇپ قېلىش توغرا كەلسە ئادەم خەتەرگە ئۇچرايتتى. بۇ ئەھۋالدا مەن :كەلگەن يولىمىزغا قايتىپ كەتسەك قانداق بولار؟ دېسەم، قوشماق ھاجىم خاپا بولۇپ :كەلگەن يولغا قايتىش بۇنىڭدىنمۇ خەتەرلىك تەخسىر، دېدى. ئەگەر ماڭغان تەقدىردىمۇ تاغ ئىچىدىكى قىرغىزلار مەھەللىسىدىن كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. شۇ ئارىلىقتا سۆز تالىشىپ تۇرساق قانداقتۇر داۋاننىڭ ئۇ تەرىپىدىن بىزگە ئۇدۇل قاراپ كېلىۋاتقان بىر كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ كىشىگە تىكىلگىنىمىزچە تەقەززالىق بىلەن تاكى كەلگەنگە قەدەر قاراپ تۇردۇق. ئۇ كىشىگە ھالىمىزنى ئېيتىپ ئەگەر داۋاندىن بىزنى ئۆتكۈزۈپ قويسا ئەللىك سوم بېرىمىز دەپ ئۇ كىشىگە ۋەدە بەردۇق. ئۇ كىشى ئۆزى پىيادە بولغىنى ئۈچۈن ھازىر كەچ كىرىپ كەتتى، مېنىڭ بارىدىغان يېرىم ئۇزاق، قايتىشتا يولدا قېنىلىپ قالارمەنمىكىن دەپ رەت قىلغان بولسىمۇ ئۇنى دەپ بۇنى دەپ ئۇ كىشىنى كۆندۈردۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى بىزنى يېتەكلەپ ئالدىمىزغا چۈشۈپ، قار ئۈستىدىكى كونا يولنى تاشلاپ، تاغنىڭ باغرىدىكى پەلەمپەي مۇز ئۈستىگە ئات سالغان ئىدى، ئايىغى تېيىلىپ كىتىپ بەش ـ ئون غۇلاچ تۆۋەنرەكتىكى قارنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كۆمۈلۈپ قالدى. مىڭ تۈرلۈك مەشەققەت بىلەن ئاتنى چىقىرىپ، باشقا بىر يول بىلەن سالامەت ئۆتتۇق. قولىدىكى تاياقنى سانجا ـ سانجا كونا يولنى تېپىپ شۇيول بىلەن بىزنى ئەگەشتۈرگەنچە ئۆزى پىيادە، بىز ئاتلىق يۈرۈپ ــ ئولتۇرۇپ، ئېسەن ئامان داۋاندىن ئېشىپ خەتەردىن قۇتۇلدۇق. سۆيۈنگەنلىگىمىزدىن ۋەدە قىلغان ئەللىك سومغا يەنە پۇل قېتىپ ئۇ كىشىنى يولغا سالدۇق. شۇڭغۇچىلىك تۈن قاراڭغۇسىدا يول بېسىپ، ھېچ نىمىگە قارىماي داۋاننىڭ پەس تەرىپىدىكى تاغنىڭ باغرى بىلەن ئۇزاق يول يۈرۈپ پەسكە چۈشتۇق. ئۈستى قار مۇز بىلەن قاپلانغان دەريادا سۇنىڭ ئېقىۋاتقانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. نەگە بېرىپ نەدە تۈرىشىمىز ئېنىق ئەمەس ئىدى. يول باشچىمىز ئاللىبۇرۇن كەتكەن ئىدى. بۇ تۈن قاراڭغۇسىدا سوغاق كېچىدە تەۋەككۈل قىلىپ كىتىۋاتقاندا، تۇساتتىن ئالدىمىز تەرەپتىن يالت ـ يۇلت قىلىپ بىر ئوت يالقۇنىنىڭ يورۇغى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ يورۇق بارا بارا ئۇچ تۆتكە يەتتى.كۆزىمىز ئۇنىڭغا چۈشۈشى بىلەن مىڭىشىمىزنى تىزلەشتۈرۈپ ئالدىراپ كىتىۋاتقاندا بىردىنلا مۇز يېرىلىپ بىلمىگىچە سۇغا چۈشۈپ كەتتىم. يولداشلىرىم ھاپىلا ـ شاپىلا مېنى مۇز ئاستىدىكى سۇدىن قۇتقۇلدۇردى. قونجۇمغا سۇ توشۇپ ئۈستى بېشىم ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، يول يۈرۈشۈممۇ قىينىلاشتى. ياخشى، قونالغۇغا يېقىن كېلىپ قاپتىكەنمىز. چىراق يورۇغى بار ئۆي ئالدىغا كېلىپ، ئۆيدە ئادەم بارمۇ دەپ توۋلىدۇق. ئاۋازىمىزنى ئاڭلىغان چېغى ئۈچ ـ تۆت ئادەم پەيدا بولدى. قارىسام ئۆز مەھەللىمىزدىكى بەشكەرەم سارايىدىكى تونۇش سودىگەر كىشىلەر ئىكەن. مېنى كۆرۈشى بىلەن ئالدىراغان ھالدا ئۈست بېشىمنى سالدۇرۇپ، ئوتنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ ھۆل كىيىملىرىمنى ئوتتا ئىسسىتىپ، كىيىملىرىمنى يەڭگۈشلەپ، ئالدىمغا پىشقان تائامنى ئېلىپ كەلدى. ئۆز ئۆيىمىزدە ئولتۇرغاندەك بىمالال تائام يەپ راھەت ئولتۇردۇق. تاش رابات سارىيى قېشىدا كۆچمەن قارا ئۆيى تىكىلگەن بولۇپ، ئۆينىڭ ئوتتورسىغا يوغان قازان ئېسىلغان، ئاستىغا گۇلدۇرلۇتۇپ ئوت يېقىلغان، قازان ئەتراپىدا ئاق كۆڭۈل ھەر مىللەتتىن تەركىپ تاپقان، كۆزلىرىدىن كۆلكە ئالامىتى چىقىپ تۇرىدىغان، توغرا سۆزلۈك قىرغىز، ئۇيغۇر يىگىتلىرىدىن بولۇپ بىر توپ ئادەم ئولتۇردۇق. كۈن سوغاق ،قوسۇغىمىز ئاچ ئىدى. شۇ كۈنى يىگەن تاماقنىڭ لەززىتى تا ھازىرغىچە تامغىمدىن كەتمەيدۇ. ئارىدىن قىرىق ئالتە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ ھېلىغىچە كۆڭلۈمدە ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇ كېچىنى دوستومنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزگەن بولسامىمۇ خۇددى ئۆز ئۆيۈمدە بولغاندەك ھىس قىلغان ئىدىم. ئەتىسى ئەتىگەندە قارىسام بىز ياتقان ئۆي بۇرۇنقى زاماندىن قالغان تاش رابات دىگەن تارىخى ساراي ئالدىدا قونغان ئىكەنمىز. بۇنىڭ بىرىنچى بىناسى قەشقەر ھاكىمى مۇھەممەدخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان بىنا ئىدى. بۇ شەيبانىلەردىن 1005 ـ يىلى ھىجرىيەدە ۋاپات بولغان بۇخارا پادىشاسى مەشھۇر ئابدۇللا خاننىڭ زاماندىشى ئىدى. شەرقى ۋە غەربى تۈركستان سودا تىجارەتچىلىرى كارۋىنىنى قىرغىزلەر ھۇجۇمىدىن ساقلاش ئۈچۈن ھەر ئىككى ھۆكۈمدار ئۆز ئارا كېلىشىپ بۇ ئورۇنغا كۈزەتچى ئەسكەر قويغان ئىدى. بۇنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە قانداق نەتىجە بەرگەنلىكى مەلۇم ئەمەس. بۇ قۇرۇلۇشتىن مەن ئۆتكەن ۋاقىتتا ھېچ بىر نەرسە قالمىغان بولسىمۇ, ئالدى تەرەپتىن كىرىش ئىشىگى ئۈستىگە بىر گەز ئىككى گەزلىك تاختا تاشلار قويۇلغان، ئوتتورىدىكى ئۇزۇن بۆلەكنىڭ ھەر ئىككى يېنىغا سېلىنغان قىرىقچە كەلگۈدەك گۈمبەز ئۆيلىرىنىڭ بەلگۈسى بار ئىدى. قىبلە تەرەپتە مىھراپلىق ئۈستى ئويۇلغان، يۈز كىشى ياتقىدەك كاتتا گۈمبەز كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. شۇلارغا

قارىغاندا بۇ بىنا ئۆز ۋاختىدا خېلى ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇش بولسا كېرەك.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، ئەتىسى ھەممىمىز ئون كىشى بولۇپ، تاش راباد داۋىنىنى ئېشىپ جادىر كۆل بويىغا چۈشتۇق. بۇنىڭ باش ئايىغى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئايلانمىسى ئوتتۇز قىرىق چاقىرىم كېلىدىغان كىچىكرەك بىر كۆل ئىكەن. يول يېقىنىغا قاراپ يېڭىدىن ئېرىشكە باشلىغان كۆل مۇزىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تورۇق ئات سارايغا چۈشتۇق. بۇ يەردە سارايچى بىر ئۆيلۈك ئۇيغۇردىن باشقا خىتاي ھۆكۈمىتى تەرەپتىن قويغان ھېچ كىشى يوق ئىدى. بىر كېچە يېتىپ ئەتىسى قەشقەر چېگراسىغا كىرىپ تويۇن تۆپە دېگەن جايغا كەلگەندە يولىمىز ئىككىگە ئايرىلدى. توغرا كەتسەك چاقماق قاراۋۇلى بولۇپ، يول تەكشۈرگۈچى خىتايلار شۇ يەردە ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۈچ كىشى باشقا يولداشلىرىمىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ سول قول تەرەپكە بۇرۇلۇپ، قارا تېكە داۋانىغا قاراپ يول ئالدۇق. داۋان ئاستىغا كەلگىنىمىزدە 1800 - يىللىرى قەشقەرگە ھاكىم بولغان مەرھۇم ياقۇپ بەگدىن قالغان كاتتا قاراۋۇل قورغانى يېنىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. ئارىدىن ئۇزاق دەۋر ئۆتمىگەنلىكتىن قەلئە بىنالىرى ھېلىمۇ كۆپ بۇزۇلمىغان ئىدى. بۇ خارابە كۆزۈمگە كۆرۈنۈشى بىلەن بۇ ئىككى تۈركىستاننىڭ ئىلگىركى تارىخىنى كۆڭلۈمدىن كېچۈرۈپ، ئەمدىكى قايغۇلۇق ھاللار ئۈستىدە ئويلۇنۇپ ئۇزۇن توختاپ قالدىم. كۆرۈك، ئوغۇز، ئۇيغۇر كەبى قەھرىمان تۈرك ئۇلۇس باللىرىنى، ۋە ئاڭسىزلىق، بىلىمسىزلىكدىن بۇگۈنكى كۈندە قول ئايغىغا قۇللۇق ، ئەسىرلىك كىشەنلىرىنى سالغان ھالدا ئىنسانى ھوقوقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلغان ئىدى. باسقۇنچى دۈشمەنلەر ئاستىدا ئۆز ئېلىدە تۇرۇپمۇ، خارۇ زارلىق بىلەن ھايۋانلەرچە قېلىپ ئەركىنلىك، ئىختىيارلىقتىن چەكلەنگەن ھالدا، مەجبۇرىيەت قامچىسى ئاستىدا ياشاپ تۇرماقتا ئىدى. بۇ مۇنبەت يەر زىمىننىڭ ئىگىسى، ئاللاھدەك خۇداسى بار، پۈتۈن ئالەمگە رەخمەت كەلتۈرگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسالامدەك يولباشچىسى بار ، خۇدا قانۇنى بولغان ئىسلامدەك دىنى بار مۇسۇلمانلەرنىڭ بۇ كەبى خارلىققا قېلىشى قۇرئان ھۆكمىگە قارىغاندا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى قۇرئاننىڭ ئېيتىشىچە ئىسلام دىنى ئىلاھى بىر قانۇندۇر. بۇنى تولۇقى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى مۇسۇلمانلەر ھەر ئىككى دۇنيا دەۋلىتىگە ئەلبەتتە ئىگە بولىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ھەقلىقىغە ھېچ شەك يوقتۇر. ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئەۋۋەلىسىدىكى ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدىكى ئىسلامنىڭ شان شەۋكىتى بۇ سۆزنى ئېنىق ئىسپاتلىدى. تۈركىيە سۇلتانلىرىدىن سۇلتان سۇلايمان قانۇنى دەۋرىدە پۈتۈن ياۋروپاغا ھۆكۈمەتلىرى ئىسلام پادىشاسىنىڭ بۇيرۇقىغا بويۇن سۇنغان ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ، :بۇ ئۈممىتىم ئەۋۋەلدە نىمە بىلەن كۆتۈرۈلگەن بولسا، ئاخىرىدا ھەم شۇنىڭ بىلەن كۆتۈرىلىدۇ: دېگەن ئىدى. مەلۇم بولدىكى رەسۇلىللا دەۋرىدىن باشلاپ، ئىسلام تەرەققىياتىنىڭ داۋامىغىچە ئىسلام پادىشالىرى ئالدىدا قۇرئان ھۆكمى بىرىنجى قوللانما قىلىنىشى كېرەك ئىدى. ئەمدى يۇقۇرىدىكى سۆزلەردىن ئوچۇق مەلۇم بولدى. ئىلىم ھۈنەردە ئارقىدا قېلىپ باشقىلارنىڭ ئاياق ئاستىدا قالغان مۇسۇلمانلار قۇرئان ھۆكمىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي، ھەقىقى ئىسلامىيەتتىن بەھرە تاپمىغان ئىكەن. بولمىسا قۇرئان ھۆكۈملىرى ئاساسەن ئۈچ ئىشقا توختالغان ئىدى.

بىرىنچى ئىتتىپاقلىق. ئىككىنچى زامان ۋە ئىلمى ھۈنەرنى ئۆگۈنىپ، ھەر ئىشنىڭ سەۋەپلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تولۇقلاش. ئۈچۈنچى دۈشمەن ئالدىدا ئۆلۈمدىن قورقماسلىق.

مانا بۇ ئۈچ نەرسىگە ھايات ئالىمدە ھەر كىشى ئىگە بولالايدىكەن،ئۆز ۋەتىنىنى، ئىنسانى ھوقوقىنى، باسقۇنچى دۈشمەنلەر ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قالالايدۇ. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى تارىخىمىز بەكمۇ يىرگىنىشلىك، ئىتتىپاقسىزلىق ئىچىدە ئۆتكەنلىكتىن ئۆز دۆلىتىمىزدىن ئايرىلدۇق . 1840 - يىللاردىن باشلاپ، روس باسقۇنچىلىرى ئورتا ئاسىيانى ئىستىلا قىلىشقا باشلىدى. بۇ يەردە ئۈچ خانلىق بار ئىدى. بۇخارا ئەمىرلىكى, قوقان ۋە خارەزمى خانلىرى. ياۋروپادا ئىلىم مەدىنىيەت تەرەققى قىلىپ، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئالىمگە ئويغىنىش يورۇغىنى كۆرسۇتۇپ بەردى. بۇ دەۋرگە كەلگەندە بىزنىڭ خانلىقلىرىمىز خۇراپاتلىق پاتقىقىغا پېتىپ، جاھالىيەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. نى-نى قابىلىيەتلىك ۋەتەن ئوغلانلىرى يېتەكچىسىز قالغانلىقتىن يولنى تېپىپ ماڭالماي، ۋەيرانلىققا يۈزلەندى. فارابى، ئىبنىسىنا چىققان بۇ ئېزىز ۋەتەننىڭ ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن ھېچ كىم قايغۇرمىدى. شۇنداق ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ ئىتتىپاقسىزلىق بالاسىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى باسقۇچىغا يەتكەنلىگىنى ھىس قىلماي بەلكى ئۆز ئارا ئۇرۇش، تالاش تارتىش بىلەن بولۇپ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئۆز ئارا سوقۇشتى. ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ سەۋەبىنى ئىزدىمىدى. ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىن خالى قالدى. شۇنداق ئىختىساتلىق

بايلار تۇرۇپمۇ باللارنى ئوقوتۇشنى تەشەببۇس قىلمىدى. دۆلەتنىڭ ، مىللەتنىڭ تەقدىرىگە كۆيۈنمىدى. ئەسكەرى تەرتىپ كونا ئۇسۇلدا بولغاچقا، نە نىزامنامە، نە ئىنتىزام دىگەن نەرسە بولمىدى. گەرچە هۆكۈمەت بولسىمۇ بۇ ئاگىسىز بىر هۆكۈمەت بولغانلىقتىن دۆلەت مۇنقەرز بولدى. ئۇلار ۋەتەن مىللەت ئالدىدا ئەڭ كەچۈرگۈسىز گۇنالارنى سادىر قىلدى. دۆلەتنى مۇنقەرزگە، مىللەتنى قۇللۇققا، ۋەتەنلىرىنى خارابلىققا ئېلىپ كەلدى. قېنى قۇرئان هۆكمىگە ئۇلارنىڭ ئەمەل قىلغان ياكى ئەمەل قىلمىغانلىقىغا قارايلى.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، شۇنىڭ بىلەن قارا تىكە قىشلىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن داۋان ئۇستىگە قاراپ يول ئالدۇق. تاغنىڭ ئۇستىدە خۇددى بەزىلەر ئېيتقاندەك قارا تۆتەك كۆتۈرلۈپ تۇراتتى. يولنىڭ قىينلىغى، تاغنىڭ تىكلىكىدىن ئات ئۇستىدە تۇرالماي، هەممىمىز ئاتلىرىمىزدىن چۈشۈپ، پىيادە يۈرۈشكە باشلىدۇق. بىر ئاز يۈرگەندىن كېيىن يۈرىگىمىز ئۇرۇپ، نەپسىمىز سىقىلىشقا باشلىدى. بۇ تاغلاردا تۆتەك بارلىقىدىن خەۋرىمىز بولمىغاچقا ئۇنىڭ تەييارلىقىنى ئالدىن قىلمىغان ئىكەنمىز. يىگىتلىگىمدە تېنىم ساغلام، تۆتەك تاغ بولسىمۇ هىچ نىمىنى سىزمەي ئويناپ يۈرگەن ئىكەنمەن. بۇ يەردە بىر قەدەممۇ يۇقىرىغا ئۆرلىيەلمەي، هەر قايسىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئېتىنىڭ قۇيرىقىغا ئېسىلىپ، مىڭ تۈرلۈك چارە بىلەن تەستە داۋان ئۇستىگە چىقىۋالدۇق. قارساق ، دۈشمەنلەر قارشىلىق كۆرسۈتۈش ئۈچۈن تاغ چوققىسىدىكى قىيسىق جايغا تىكەن سىم باغلاپ قويغان ئىكەن. داۋاندىن ئېشىپ تۆتەكتىن قۇتۇلۇپ تاغ تېگىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان قىرغىز سال مىرزا سارىيىغا كىلىپ قوندۇق. ئەتىسى بۇ يەردىن ئاتلىنىپ شۇ يۈرگۈنىمىزچە يۈز چاقىرىم كەلگۈدەك ئاياق، جاناق، ئازغان چۆللەردىن ئۆتۈپ، كۈن پاتا ئاغۇ كەنتىگە چۈش ۋاختى بىلەن كەلدۇق. يولنى ياخشى بىلمىگەچ، بۇ يەرنى ئارىلاپ ئۆتۈشكە توغرا كەلمىدى. بۇ يەردىن ئۆتۈپ بىر ئاز يۈرگەندىن كېيىن يىراقتىن قويۇق قارا دەرەخلەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى. بۇ ئاستىن ئاتۇش يۇرتىنىڭ ئەڭ بېشىدىكى چىتالچە كەنتى ئىكەن. بىر بىرىگە تۇتاشقان كەنتلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ ،ئولتۇرۇپ قوپۇپ، تۈن قاراڭغۇسىدا قوشماق هاجىمنىڭ ئۆيىگە كىلىپ چۈشتۇق. قەشقەر ، يەكەن، خوتەن شەهەرلىرى بەلكى ختاي تۈپرىقى گەنسۇ ئۆلكىسىمۇ هىجرىيەنىڭ 95 ۋە 96 ـ يىللىرى خەلىفە ئەۋەتكەن ئىسلام مۇجاهىتلىرىدىن قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم قولىدا فەتهى بولۇپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئالتە شەهەر ئۆلكىسىدە پۈتۈنلەي ئىسلام دىنى

ئورناشماي تۇرۇپ، ئىسلام ئەسكەرلىرى قايتىپ كىتىشكە باشلىغان ئىدى. چۈنكى باغداتتىكى سۇلايمان ئىبنى ئابدۇمالىك خەلىپە بىلەن قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنىڭ ئارىسى بۇزۇلغان ئىدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە قايتقان ئەسكەرلەر پەرغانىگە كېلىپ ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ، ئەنجان شەهرىدىن يىگىرمە بەش چاقىرىم، كۈن چىقىش تەرەپى سوقى قىشلاق ئەتراپىدىكى ئىلگىركى پەرغانە مەركىزى خەلىچ شەهرى ئالدىدا ئۆز ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم ئۆلتۈرۈلدى. شۇ كۈنلەردە بۇ مازارنى يەرلىك كىشلەر شاھ قۇتەيبە مازىرى دەپ ئاتاشتى. رەسۇلۇللا تەرىپىدىن سەيفۇللا (ئاللانىڭ قىلىچى)نامىنى كۆتەرگەن ئىسلام قوماندانلىرىنىڭ ئەڭ بىرىنچىسى مەشهۇر خالىد ئىبنى ۋەلىدىن كېيىن بىرىنچى دەرىجىدە ئاتالغان فاتىه خوراسان، فاتىه بۇخارا، سەمەرقەند، پەرغانە، قەشقەر، خوتەن، گەنسۇ، تاكى ختاي مەركىزىگىچە ئىسلام پەتۋاسىنى يەتكۈزگەن ئەشۇنداق قەهرىمان قوماندانلار ئىتتىپاقسىزلىق شۇملۇغىدىن ئەشۇنداق پاجىئەگە گىرىپتار بولدى. مۇسا ئىبنى نەسىر، تارىق ئىبنى زىيا قاتارلىق قوماندانلارنىڭ هىممەت قىلىشىدىن چىققان ئىختىلاپلار غەربتىكى ئىسلام فۇتۇهاتلىرىغا (شەهەرنى قولغا ئېلىش) قانداق توسقۇنلۇق قىلغان بولسا، بۇلارنىڭمۇ ئۆز ئارا هىسەت ئوتىنىڭ تۈپەيلى شەرقتە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك زىيىنى بولدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مەركىزى شەهەرلەردە يېڭىدىن تارقىلىش ئالدىدا تۇرغان ئىسلام دىنى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، بىر ئىككى ئەسىر ئارقىغا چىكىنگەن ئىدى. بۇ ئارىلىقتا ماۋرا ئۇننەهىر ئۆلكىسىدە ئادالەتلىك سامانىلار دۆلىتى قۇرۇلۇپ، بۇ مۇبارەك دەۋىر نەتىجىسىدە ئىلىم، مەدەنىيەت، ئىسلامىيەت يېڭىدىن راۋاجلىنىپ، فارابى، بىرۇنى، ئىبنى سىناغا ئوخشاشلارنىڭ ئىلمى ئەسەرلىرى پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىپ، ئۇلۇغ ئالىملار ۋۇجۇتقا چىقتى. ئەنە شۇ دەۋىردە ئىراندىكى ئىسلامدىن ئىلگىركى كىيانى پادىشاهلىرىدىن كەيكاۋۇسكى، كەيخىسراۋ لەر زاماندىشى دوقوخان ئىرانچە ئەفراسىياپ نەسلىدىن سۇتۇق بۇغراخان قەشقەر، بالاساغۇن بەلكى ئومۇمى تۈركىستانغا خان بولغان ئىدى. سامانىلارغا چېگىرداش بولغانلىقتىن ئۇلاردىن نەسىر، سامانى دەۋىتىدىن ئاتىسىدىن يوشۇرۇنچە ئىسلام دىنىغا كىردى. خوتەن ئۆلكىسى ئەتراپىدىكى پۈتۈن ئۇيغۇرىستان خەلقى، بۇ خاننىڭ هىممىتى بىلەن يېڭىۋاشتىن ئىسلام دىنىنى قايتىدىن قوبۇل قىلدى.

بىرىنچىسى ئىسلام ئاچقان قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم بولسا، ئىككىنچى قېتىم ئىسلام ئاچقان كىشى سۇلتان سۇتۇق

بۇغراخان بولدى. تارىخى ھىجرىيەنىڭ تەخمىنەن 380 ـ يىللىرىدا ۋاپات بولۇپ ،ئاستىن ئاتۇشتا دەپنە قىلىندى.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك, شۇنداق قىلىپ ئاستىن ئاتۇشتا يولدىشىمىز قوشماق ھاجىم ئۆيىدە بىر ئىككى كۈن تۇرۇپ دەم ئالغاندىن كېيىن قەشقەر شەھىرىگە چۈشمەكچى بولۇپ، يولغا چىقتۇق. كۈن ئىسسىق ،چاڭ توزان ئىچىدە قىرىق بەش چاقىرىمچە يول يۈرۈپ، شەھەر ئىچىگە كىردۇق. بۇ يەردە توقماقتا

تۇرغان سودىگەر كىشىلەر كۆپ بولسىمۇ، تونۇش- بىلىشلەرنىڭ ئۆيىگە چۈشمەستىن يارباغ دەرۋازىسى سارىيىدە بىزنى كۈتۈپ تۇرغان توقماقلىق يولداشلىرىمىزنىڭ يېنىغا چۈشتۇق. شۇ كۈنلەردە 1920 ـ يىلى ئىچكى- تاشقى دەھرىلەر بىرلىشىپ چىرىگەن ئەمىر دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ، بۇخارانى بېسىپ ئالغان ئىدى. پەرغانە شەھىرىنىڭ ھەر بىرىدە پۈتۈن قىشلاق خەلقلىرى قوزغىلىپ، باسمىچىلار نامىدىكى قوزغىلاڭچىلار باش كۆتەردى. نەتىجىدە ئوڭ سولنى ئايرىيالمايدىغان، كەتمەن كۆتۈرۈپ تېرىقچىلىقتىن باشقا ھېچ نىمىنى بىلمەيدىغان قارا دىخانلار ، يەر ئاستى ۋە ئۈستىدە ئىشلەيدىغان كۈن كۆرگۈچى تۆۋەن تەبىقىدىكى ئاڭسىز قارا ئىشچىلاردىن باشقا، كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئەقلى- ھۇشى جايىدا كىشىلەر بېشىغا قىيامەت بولغان ئىدى. بۇلاردىن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بايلار ئېتىلىپ، چېپىلىپ، ئۆلۈكلىرى ھاك سۇيىگە تاشلانغان ئىدى. قالغانلىرىنىڭ كۆپرەك قىسمى ئۆلۈمدىن بەتتەر سۈرگۈنگە ھەيدىلىپ، ئەڭ ئېغىر ئىشقا سېلىنغان ئىدى. بۇلارنىڭ ئالدى يىگىرمە يىل، ئەڭ ئېزى ئون يىل تۈرمىلارغا تاشلىنىپ، يۈزدىن بىرىمۇ ساق قايتىپ كىلەلمەيتتى. كەلگەنلىرىمۇ ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرمەي، سالامەتلىكى ناچار بولغانلىقتىن ھەرخىل كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، ئاخىرى ئۆلۈپ تۈگەيتتى. روسىيە تۆپرىقىدىن كۆتۈرۈلگەن پىتنە ۋولقانلىرى پۈتۈن مەملىكەت بويلاپ، چۇقان كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۇچقۇنلىرى چىگرا تېشىغىمۇ تارقالغان ئىدى. مانا مەن شۇنداق ئېغىر ئەھۋال ئاستىدا چۇڭقۇر خىيال، ئۈمۈت ئارزۇلار بىلەن قەشقەرگە كەلگەن ئىدىم. قارىسام بۇيەردىكى ئاڭسىزلىق، ئىلمسىزلىك بالاسى بىزدىن يۈز دەرىجە ئارتۇق ئىكەن. بۇنى كۆرۈپ ئويلىغان ئويلىرىم بۇزۇلۇپ، ھەيرانلىق ئىلكىگە پاتتىم. شۇ كۈنلەردە قەشقەردە ھەرتۈرلۈك ئايەت، ھەدىس تەپسىرلەردىن ، دىنى ئىلمى ئوقۇتقۇچىلاردىن يۈزلەپ، ئوقۇغۇچىلاردىن نەچچە مىڭلاپ تېپىلاتتى. پۈتۈن ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان شەھەرلىرىنى قاپلىغان ئۇيغۇر سودىگەرلىرى بۇيەرلەردە كۆپ ئىدى. خەلق ئۈستىگە چۈشۈۋاتقان دەھشەتلىك ئىشلارنى كۆزلىرى كۆرۈپ، ئۆزىمۇ تارتقان ئىدى. مىڭلاپ ئاڭلىغاندىن كۆرگەننىڭ بىرى ئەلا دىگەندەك، تەسىرى بەكمۇ زور بولدى. شۇنىسى قىزىقكى، ئەڭ ھەيران قالغۇدەك يېرى شۇ ئىدىكى، ئۇيغۇرلار قان قېرىندىشى بولغان ئۆزبەكلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەتلەرنى كۆرۈپ بىلىپ تۇرۇپ، ئاڭسىزلىق تۈپەيلى ھېچنىمىنى بىلمىگەندەك ئۇنىڭدىن قىلچىلىك ئىبرەت ئالمىغان ئىدى. چۈنكى بۇ شۇممەسىلەككە ئىككى نەرسە يەنى كەمبىغەللىك، ئاڭسىزلىق سەۋەبچى بولغان ئىدى. شەرقى تۈركىستاندا، خىتايلار بۇ مەسىلەكتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىپلاس مەسىلەكىنى ئاللىبۇرۇن ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. قۇرال كۈچى بىلەن مەجبۇرى بويسۇندۇرۇلغان بۇ مىللەت خىتاي تەرىپىدىن ئوچۇق ئاشكارا قۇللۇققا چۈشۈرۈلگەن ئىدى.

مەن بۇيەردە شۇنچە تۇرساممۇ، ماڭا ھەمكارلاشقىدەك، كېلىچەك ئۈچۈن قايغۇرىدىغان بىر كىشىنىمۇ بولسىمۇ كۆرەلمىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېگى ئېچىلمىغان بىلىمسىز بىر مىللەت ئۆز دۈشمەنلىرى ئالدىدا قۇشخانىغا ھەيدىلىپ كىتىۋاتقان بىر توپ ھايۋانغا ئوخشاش ھېچقانداق قارشىلىقسىز ھالدا تۇرماقتا ئىدى. ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئەڭ يېقىن ھالاكەتلىك دۈشمىنى ئاڭسىزلىق ـ ئىلىمسىزلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللا تائالا قۇرئاننىڭ بىرىنچى سۈرىسىنى ئوقۇش، ئوقۇتۇش، بىلدۈرۈش، يېزىش بىلەن باشلىغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئەركەك، ئورغاچى، ئوغۇل ـ قىز دىمەي پۈتۈن ئۈممەتلەرنى ئىلىم ئوقۇشقا بۇيرىدى. دىنى ئىلىمنى ئوقۇش ھەممىگە پەرز بولغاندەك، ئۆز ھۆكۈمىتىنى ۋەتىنىنى ۋە مىللىتىنى ساقلاش ئۈچۈن زامانىۋى پەن بىلىملىرىنى ئوقۇپ بىلىشمۇ پەرزدۇر. بۇ قۇرئانى كەرىمنىڭ سۈرە ئەنفال 60- ئايىتى بىلەن ئوچۇق بۇيرۇلغان ئىدى. بۇ ئايەتتە:« دۈشمەنىڭلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشچە قۇرال كۈچى،جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار»،دىيىلگەن. پەيغەمبىرىمىز سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم:« ھۇشيار بولۇڭلار، ھەر كىم كۈچ قۇۋۋەت توپلاپ دۈشمەنگە قارشى ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىشى لازىمدۇر»-دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان ئىدى.

بۇنىڭدىن 1380 يىل ئىلگىرى ئېيتقان سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىگىنى ھازىرقى پەن ئىلمى ئىسپاتلاپ بىرىۋاتىدۇ.ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە تەجرىبە قىلىپ كۆرەرمىز . ئەمدى ئۆتمۈشتىكى ئىشلىرىمىزغا ئۆگىنىپ ئولتۇرۇش ئورنىغا ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، كېلىچەكىمىز توغرىسىدا ھازىرلىق

كۆرىشىمىز لازىم. چۈنكى ئىككى تۈركىستان بالىلىرى ئىككى ئەژدىرھانىڭ ئاغزىغا توغرا كېلىپ، پۈتۈنلۈش ئالدىدا تۇرىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشىنىڭ بىردىن بىر چارىسى زامانىۋى ئىلىم پەن ئىلمى بىلەن تولۇق قوراللىنىپ، مىللى ھىسسىياتلاردىن ئايرىلىپ قالماي، ئۆز ئانا تىلىنى جان پىدالىق بىلەن ئاسرىشى لازىم. بۇ ئورۇندا نىمە ئۈچۈن مىللى ھىسسىياتنى ئېغىزغا ئالدۇق؟ نىمە ئۈچۈن دىنى ھىسسىيات دىمىدۇق؟ بۇنىڭ سەۋەبى دەھرىلەر ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، پۈتۈن دىنى مەكتەپ ۋە دەرسخانىلار يوقۇتۇلۇپ، كېيىنكى تەلىم تەربىيە ئىشلىرى دىنسىزلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىدى. شۇندىن بۇيانقى تۇغۇلغان بالىلىرىمىز دىنى تەربىيە كۆرمىگەنلىكتىن مۇسۇلمانچىلىق يوللىرىنى ياخشى تونۇيالماي قالدى. ۋەتەن بالىلىرىغا دىن تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلمىدى. ئۆز مىللىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىل تەربىيىسىدىن ھېچ ۋاقىت ئايرىلماسلىق لازىم ئىدى. چۈنكى ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆز دىنىدىن ئايرىلغانىنىڭ ئۈستىگە تىلىدىنمۇ ئايرىلسا، ئۇ مىللەتنىڭ يوقۇلۇش خەۋپى ھامان ھازىرلانغان بولىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا شۇ كۈنلەردىكى كۈن چىقىش ۋە كۈن پېتىش تۈركىستان بالىلىرىنىڭ مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇيغۇرىستانىنىڭ كېلىچىكى بۇ دەھشەت ئاستىغا چۈشكەنلىكى شۈبھىسىز كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، مەن قەشقەرگە كەلگەن كۈنلىرىم، سىۋىت ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭىدىن باشلانغۇچ دەۋرى بولۇپ، دۇنيا ھۆكۈمەتلىرى ئالدىدا تونۇلمىغانلىقتىن ھېلىغىچە بۇ يەردە كونسۇلخانىلىرى يوق ئىدى. لېكىن بۇ مەملىكەتلەرنىڭ ئىلگىرىدىن بېرى چاترال، تىبەت ئارقىلىق ھىندىستان، ئاۋغانىستان بىلەن سودا ئالاقىلىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم ئىدى. يەكەن، خوتەن ۋىلايەتلىرىدە تۇرغان ئازدۇر - كۆپتۇر ئېنگىلىز تابۇنلىرىمۇ بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلار باھانىسى بىلەن قەشقەردە بۇ دۆلەت كونسۇلخانىسى ئۇزۇن يىللار داۋام ئېتىپ كەلگەن ئىدى.

مەلۇمكى ئېنگىلىزلەر قايسى جايغا قەدەم قويسا، مەدەنىيەتسىز يەرلىك خەلققە غەمخورلۇق قىلىش يۈزىسىدىن قولىدىن كەلگەنلىرىنى قىلىدۇ. ئەگەر بۇ سۆزۈم ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، شەرقى تۈركىستان خەلقىنى ئىلىمسىزلىك بالاسىدىن قۇتقۇزۇش شارائىتى ئۇلارغا ئاسان تېپىلاتتى. بىراق ھەقىقىتى بىلەن ئىنسانىيەت غەمخورلىقىنى قىلىدىغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ۋە ئۇنىڭ ھەقىقى ئۈممەتلىرىدىن باشقا بىراۋنىڭ بۇ كەبى ئۇلۇغ شەرەپكە ئېرىشمىگى مۇمكىن ئەمەستۇر. شۇ كۈنلىرى ئالتە شەھەر - ئۇيغۇرىستاندىكى خىتاي ھۆكۈمىتى قەغەز يۈزى ۋە تىل ئۇچى بىلەن دۆلەت مەركىزى بېيجىڭغا باغلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئوتتا ئەسىر خىتاي خانلىقى دەۋرىدىن قالغان ئىستىبدىلىك بىر ھەيكەل كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

دىمەك ھەر ئىككى تۈركىستان خەلقى ئاڭسىزلىق، ئىلىمسىزلىك كاساپىتىدىن بۇنداق قۇلاي شارائىتلار بولۇپ تۇرۇغلۇق، بۇلاردىن ئۆز ۋاقتىدا پايدىلىنىش يوللىرىنى تاپالمىدى. ئوچۇق بىر مەقسەتنى ئۆز ئالدىغا شەرت قىلىپ قويۇپ، تەشكىلى رەۋىشتە ئىش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ھەركەت قىلغۇدەك بىرەر ئادەم يوق ئىدى. ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن ھېچ كىم قايغۇرماس ئىدى. چۈنكى بۇ بىچارە خەلق خوراپات زۇلماتى ۋە جاھالىيەت پاتقىقىغا پۈتۈنلەي پاتقان ئىدى. بۇنىڭغا شۇ دەۋردىكى مۇھىد ئەيىبلىك ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى قۇرئانى كېرىمدە ئېيتىلغان « بىلگەنلەر بىلەن بىلمىگەنلەر ھەر توغرىدا تەڭ كىلەلمەيدۇ»، دىگەن ھىكمەتلىك سۆزنى ئەلبەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم ئىدى. نىمە ئۈچۈن كېيىنكى ئەسىرلەردە تۈركىستان خەلقى بۇنداق جاھالىيەت پاتقىقىغا پاتتى؟ بۇنىڭ ئاساسى سەۋەبى دىنىنى ئاساسى بىلەن چۈشەنمىگەن ئىلىم مەدەنىيەت دۈشمەنلىرى ھاكىمىيەت تۆپىسىدە بولدى. ئۆزلىرىنى دىن ھامىلىرى دەپ ئېلان قىلىپ، خەلقنى مەرىپەت نۇرىدىن مەھرۇم قىلدى. زامانىۋى پەننى بىلىملاردىن پۈتۈنلەي يىراقلاشتۇردى. چەت دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە باغلىمىدى. ئوقۇش ئوقۇتۇش ئىشلىرىگە ھېچ قانداق ئەھمىيەت بەرمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىچىدە ئويغىنىش ، پىكىر قىلىش ۋە بار شارائىتلاردىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. دۆلەتنىڭ ئىنقىرازى مىللەتنىڭ ئاڭسىزلىقىغا شۇ جاھىللار سەۋەب بولدى.

بۇ يەردىن ئۇمىتسىزلىنىپ ئاخىرى ئافغانىستان، ھىندىستان چېگرالىرى بوشلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇ تەرەپلەرگە ئۆتۈشنى ئويلىغان بولسامۇ، يالغۇزچۇلۇق قايغۇسىدا بالا_ چاقىلاردىن ئايرىلىپ، سۆيۈملۈك ۋەتىنىمنى دۈشمەنگە تاشلاپ بېرىشنى نومۇس بىلدىم. بولۇپمۇ تۇڭگانلار ئىچىدىن جان جىگەر شاگىرتىم داۋۇت ھاجى مەندىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، قاتتىق قارشىلىق قىلغان ئىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىتلىق كىرنىيسكى ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا ، پەرغانىگە مۇختارىيەت بېرىلىپ، پولشا پالىياك مۇسۇلمانلىرىدىن ئاغايوپ ئاتلىق بىر ئادۋوكات رەئىسلىكىدە ئون ئىككى كىشىدىن تەركىپ تاپقان ئەزا سايلانغان ئىدى. شۇلەردىن بىرى ئاكىمىز ئالىمخان تۆرە جاناپلىرى ئىدى. بۇ ئىشقا چىش-تىرنىقى بىلەن

قارشى چىققان بولشىۋىكلەر، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئەشەددى دۈشمىنى بولغان ئەرمەنلەردىن تەركىپ تاپقان ئەسكەرلەرنى تولۇق قوراللاندۇرۇپ، خەلق ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلگەن ئىدى. بۇلارنىڭ باشلىقى، قوماندانلىرى تۈرك قېنىغا چاڭقىغان قان ئىچەر داشناق فىرقە ئەزالىرى بولغانلىقتىن قوقان شەھرىدە قىلغان ۋەھشىلىكلىرى ئوتتا ئەسىر يىرىتقۇچلىرى چىڭگىزخان دەھشىتىنى ئۇنتۇلدۇرغان ئىدى. ئاڭسىز خەلق بۇنى ئۇنۇتقان بولسىمۇ، دۈشمەننىڭ ئىتتىك نەيزىسىنىڭ زەربىسىدىن يۈرەكلىرى پارچىلانغان، كۆز ياشلىرى بىلەن كۆكۈل سەھىپىسىگە دەھشەتلىك زالىم خەتلىرىنى يازغان تارىخچىلار بۇ كەبى پاجىئەلەرنى ھېچ قاچان ئۇنۇتمىغان ئىدى. خەلق كۆزىنى قورقۇتۇپ ئۇلارغا دەھشەت سېلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن ئېتىش ، چېپىش باشلىغان بولسا، ئىككىنچى تەرەپتىن ئوت قويۇپ پۈتۈن شەھەر بازار رەستىلەرنى كۆيدۈرگەن ئىدى. بۇ ۋەقەدىن بەش ئالتە يىل كېيىن قوقەندگە بارغىنىمىزدا بۇزۇلۇپ، ۋەيران قىلىنغان كۆپ ئىمارەتلەرنى، كۆيدۈرۈلگەن بازار رەستىلەرنى، كۆلگە ئايلانغان تۆپىلەرنى كۆرۈپ ئىچىمىز سىيرىلىپ كەتكەن ئىدى. مانا شۇ قوقەند مۇختارىيات ھۆكۈمىتىگە رەئىس بولۇپ سايلانغان كىشى پولشالىق، يەرلىكلەردىن ئاغايوپ دىگەن كىشى پولياك مۇسۇلمانلىرىدىن ئىدى. چار ھۆكۈمىتى يىقىلغاندا پولشا باشلىق پۈتۈن بالتىق بويىدىكى مىللەتلەر ئۆز ھوقوقىغا ئىگە بولۇپ مۇختارىيات ئالغان ئىدى. بۇنىڭغا چۈشۈنۈپ ھەق تەلەپ قىلغۇچى ۋە بۇ ئىشنى باشقۇرغۇچى بۇ ئۆلكىمىزدە كىشى بولمىغانلىقىنى بىلگەن پولياك مۇسۇلمان زىيالىلىرى، دىنى ھىسياتى قوزغىلىپ، تۈركىستاندىن قېرىنداشلىرىنىڭ بىرىنچى مەرتىۋە يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان ياش دۆلەتلەرگە ياردەم يەتكۈزۈش ئۈچۈن بۇنى ئەۋەتكەن ئىدى. ئۆزى ئادۋوكات بولۇپ، چار ھۆكۈمىتىگە قارشى پولشا مۇسۇلمان پولياكلىرىنىڭ مىللى ئىنقىلاپچىلىرىدىن ئىدى. قوقەنگە كېلىشى بىلەن نىق، ئاز كۆپ چۈشەنگەن كىشىلەر بۇنى تەقدىرلەپ، ياكى قۇرۇلۇۋاتقان مىللى مۇختارىيات ھۆكۈمىتىگە رەئىس سايلىغان ئىدى. پۈتۈن ئىشلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، ئون ئىككى كىشىدىن ئىبارەت ھۆكۈمەت ھەيئىتى تۈزۈلۈپ، ئەمدى ئىشقا كىرىشىۋاتقان چاغدا بالاقازادىك بولشىۋىكلىرى كىلىپ باستۇرغىلى تۇردى. قېچىشقا ئۈلگۈرگەن كىشىلەر قېچىپ قۇتۇلدى. ئۈلگۈرەلمىگەن كىشىلەردىن دۈشمەن قولىغا چۈشكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئەنە شۇ بەختسىزلەرگە ياردەم ئۈچۈن ئائىلىسى، ۋەتىنى ، بەلكى پۈتۈن بەختى تەختىدىن كېچىپ كەلگەن پولشالىق دىنى قېرىنداشلىرىمىز يەرلىك بەختسىزلەر قاتارىدا قولغا چۈشۈپ، بىز ئۈچۈن قۇربان بولدى.ئاڭلىشىمىزچە بۇلارنىڭ ۋەھشىلىك مەسلىكىدىن خەۋىرى بولمىسا كىرەك. پۈتۈن دۇنيا بويلاپ، ھەر يەردىكى ئىنسانلار ئۆز ھوقوقلىرىغا ئېرىشىۋاتقان يىگىرمىنچى ئەسىر دەۋرىدە ئۆتكەن ۋەھشىلەرچە ئېتىش، چېپىش بىلەنگىنا ئىش ئېلىپ بارمىسا كىرەك. بۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ سۆزلەشمەكچى بولغان مەقسەتلىرى نىمەدۇر؟ ئۇنى بىلەيلى دەپ ئادۋوكات ۋە ھوقوقشۇناسلىق يولى بىلەن بۇ يىرىتقۇچلارغا سۆز ئۆتكەزمەكچى بولۇپ، قولغا چۈشكەن ئىدى. بولمىسا باشقا جان قۇتقازغان باتۇرلارگە ئوخشاش پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئىدى.

بۇ قەھرىمان قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، زالىملار قولىدا خارلىنىپ تۇرۇشتىن ئۆلۈمنى ئارتۇغراق كۆرۈپ، ئاچلىق



ئېلان قىلىدۇ. لېكىن بۇ بىر ئىنسان قېلىپىدىن چىققان دەھشەتلىك ھاكىمىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن بارلىق جازا چارىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قاراپ، ئونبەش كۈنلەپ ئاچلىق ئېلان قىلىش نەتىجىسىدە ئەقلىدىن ئېزىپ، ئۆلەر ھالغا يەتكەندە ، باشقا ياققا ئېلىپ كىتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھالىنىڭ نىمە بولغانلىقىنى بىلمىدۇق. ئىنسانىيەت ھوقوقىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن قۇربان بولۇپ، شۇنداق ئالى جاناپلىق كۆرسەتكەن بۇ قېرىندىشىمىزغا پۈتۈن ئىنسانىيەت تەرىپىدىن يالقۇنلۇق سالام يوللاپ ئۇنىڭ ئىنسانىيەت ئازادلىقى ئۈچۈن قىلغان پىداكارانە ئىش ئىزلىرىغا ئالى ھۆرمەت بىلدۈرىمەن ھەمدە ئاللا تەئالادىن روھىغا ئەبدى رەخمەت تىلەيمەن! بۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسانىيەت قەھرىمانلىرى ئاز بولسىمۇ سېخىلىق قۇربانى بولغان بۇ

كىشىنىڭ خىزمىتىنىڭ كۆمۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاز بولسىمۇ يېزىپ قالدۇرۇشنى لايىق كۆردۈم. يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، ئەمدى شۇنى بىلىش كېرەككى، قۇرئاننىڭ ھۆكمىدە، رەسۇلۇللانىڭ يولىغا ياخشى چۈشەنمەي، دىنگە خىيانەت قىلغان، ئىككى دۇنيادىن ئايرىلىپ ئۆز ۋەتىنىدە خارلىق بىلەن ياشىغان يالغان مۇسۇلمانلاردىن، ئىلىم، پەن مەدەنىيەتنى ئۆزلەشتۈرۈپ پۈتۈن ھوقۇقلارغا ئىگە بولغان كاپىرلار ئەلبەتتە ئارتۇغراقتۇر. پۈتۈن ئۇيغۇرىستاننى قاپلىغان بۇ خىلدىكى ئاگىسىزلىق ئاپىتىنى كۆرۈپ ئۈيەردىن ئۈمىدىم ئۈزۈلۈپ، يامان بولسىمۇ يېگىدىن ئوت تۇتىشىۋاتقان پىتنە ئۇرىقى ئىچىدىكى ئۆز يۇرتۇم توقماققا قايتىپ كەلدىم. قارىسام، سايىسىدىن قورققان توشقاندەك ھەر يەردە قېچىپ يۈرۈپ كۈن كەچۈرىۋاتقان بىچارە ئىنسانلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. شۇلار قاتارىدا مەنمۇ شەھەردىن يىراقراق شور تۆپە دىگەن يەردە تونگانلار قىشلاغىدا تۇرۇپ، دىخانچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرۈش خىيالىغا كەلدىم. مەرھۇم ئاتىمىز نەسىھەت قىلىپ: ئىمام بولۇشتىن ساقلىنىڭلار، دەيتتى. شۇ نەسىھەتكە ئاساسەن بىر ئىككى يىل ئۆز ئىشىم بىلەن يوشۇرۇنچە جان ساقلىدىم. لېكىن، بۇ ئۆلكىدە ھەر بىر مەسجىدلەردە ئىماملىق قىلىۋاتقان كىشىلەر قاراساۋات ياكى چالا ساۋات كىشىلەر بولۇپ، دىنى بىلىمنى چۈشىنەلىگىدەك بىرەر ئىلمى ئالىم يوق دىيەرلىك ئىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە بولشىۋىك ھۆكۈمىتى دىنسىزلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان ھۆكۈمەت بولغانلىقتىن دىنگە قارشى تەشۋىقاتلار ئېلىپ بېرىپ، دىندارلارغا ھۇجۇم قىلىنىۋاتقان بىر زامان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ئېيتىشىچە بۇنداق ۋاقىتلاردا زالىمغا سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرۇش ئۆز دىنىغا قىلىنغان خىيانەت ئىدى. بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مەرھۇم ئاتىمىزنىڭ ئىمام بولماڭلا دىگەن ۋەسىيىتىگە قارىماي، خەلق تەلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، توقماق شەھرىنىڭ كاتتا مەسجىتىگە ئىمام بولدۇم. شۇ بىرىنچى كۈنى جامىدا ،ياق ، مۇنبەر ئۈستىدە ئاز دىگەندە بىرمىڭ كىشىلىك جامائەت ئالدىدا، ھەقلى ـ نەقلى پىكىر يۈرگۈزۈپ، دىنسىزلىققا قارشى ئۆتكۈر بىر ۋەز سۆزلىدىم. مەسجىد خەلقى بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ دىللىرى ئېرىپ، كۆزى ياشقا توشتى. ھەر تەرەپتىن ئاھ ـ خۇدا دىگەن ئاۋۇشلار ئاڭلىنىپ، يىغا زارىلار كۆتۈرلۈپ، مەسجىد ئىچى قىيا ـ چىياغا توشتى. چۈنكى بۇ كۈنلەردە ھەممە يەردە بولشۇيكلەرنىڭ رەھىمسىز جاللاتلىرى ئۈچ ھەرپلىك گ پ ئو كۆز قۇلاق جاسۇسلىرى بار ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ماڭا بىرەر توسقۇنلۇق كۈچ كەلمىگەن بولغاچقا، ئۆز ئىشىمنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇردۇم.

شۇ ئارىدا 1922 ـ يىلى ئاتباش نارىن قازاق روسلىرى بۇندورۇپ باشچىلىغىدا قوزغىلاڭ كۆتەردى. بۇ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش يۈزىسىدىن بىر بۆلۈك ياللانما، ئۆز ئاتا_ ئانىسىنى ئۆلتۈر دىسە، ئۆلتۈرۈشتىن يانمايدىغان قارا تۇرۇك ئىسكەرلەردىن تەركىپ تاپقان قوشۇن كېلىپ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا باشلىدى. سىرتتىن ياردەم كۈچى بولمىغان بۇ قوزغىلاڭچىلار ئۇلارغا قارشى تۇرالماي قىشقىر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ كاساپىتىگە توقماق، بىشكەكتىكى باي سودىگەرلەر ياكى خەلق ئىچىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئىلىم مەرىپەتلىك كىشىلەردىن سەكسەندەك كىشى بىر كېچىدىلا تۇتقۇن قىلىنىپ، ھېچ قانداق سۈرۈشتە قىلىنماستىنلا گۇنايى بار يوق ھەممىسىنىڭ قولىنى سىم تانا بىلەن باغلاپ، شەھەر سىرتىدىكى قاراياغاچلىق باققا ئېلىپ بېرىپ ئېتىپ تاشلىدى. بۇ گۇناسىز مەزلۇملارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قېزىلغان چوڭقۇر ئازگالغا كەلتۈرۈلۈپ ئېتىپ ، چاناپ تاشلىغانلىقتىن بەزىلىرى چالا جان بولۇپ، ئازگالغا چۈشكەن ئىكەن. شۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇلارنى شۇ پېتى كۆمگەن بولغانلىقتىن، ئىككى ئۈچ كۈنگىچە توپا ئاستىدىكى جېنى چىقمىغان كىشىلەر ئازگال ئىچىدە توختاۋسىز لۆمۈلدىگەن ئىكەن. بۇنداق، ئادەمنىڭ يۈرىگىنى تىترىتىدىغان رەھىمسىز ۋەھشى ھادىسىلەرنى قىلغان بۇ كىشىلەر، شۇ زاماننىڭ مەدىنى يىرتقۇچ ھايۋانلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىلغان ۋەھشىلىكلىرىنى يېزىپ تاماملاش بەكمۇ تەس ئىدى. چۈنكى، تارىختىكى كۆرۈنگەن ئىشلارنىڭ ياخشى – يامىنىنى قالدۇرماي ئۆز پېتى يېزىپ قالدۇرۇش، تارىخچى ئۈستىگە يۈكلەنگەن مۇقەددەس ۋەزىپىدۇر. بۇ دىنسىزلار ۋە دەھرىلار ھاكىمىيىتىنىڭ باشلانغۇچ دەۋرلىرىدە يېگىدىن قىلىۋاتقان تىراگىدىيىسىنىڭ بىر بۆلىمى بولۇپ، گوياكى خاماندىن بىر ئوچۇم دان، دېڭىزدىن بىر چۆمۈچ سۇ ئالغاندەكلا بىر دەلىلدۇر.

بۇنىڭدىكى مەقسەت، قۇرۇق سۆز بىلەن داستان يېزىپ، توقولما ھىكايە يېزىش ئەمەس، بەلكى كەلگۈسى ۋەتەن باللىرى ئۈچۈن، ئۆتمۈشتىن ئىبرەت ئېلىپ، كېلىچەكتە قانداق ياشاشنىڭ يولىنى تاللىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈندۇر.

(ئاخىرى كېيىنكى ساندا)

ئېلىخان تۆرىنىڭ ئۆز قول يازمىسىغا ئاساسەن

تەييارلىغۇچى:ھاجى ئابدۇرېشىت كېرىم (شۇيتسىيە)



1

پەيلاسوپ گېگىل: دۇنياۋى ئەقىل ۋە دۇنياۋى روھ توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، رېئال تارىخنىڭ جەريانى ئۇستىدە توختالغاندا ئاۋام خەلق بىلەن ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ تارىختىكى رولى توغرىسىدا توختۇلۇپ ئۆتكەن. پەيلاسوپ بۇ مەسىللەرنى بايان قىلىپ «ئەقىل»، «ئەقىللىق»، «روھىيەت»قاتارلىق ئابستراكت سىرلىق ئۇقۇملارنى ئەتراپلىق يۇرۇتۇپ بەرگەن.

گېگىل:«ئەقىل، روھنىڭ گەۋدىلىنىشى، ئادەم- دۇنياۋى روھتىكى ئەملىي پائالىيەتنىڭ جانلىق قورالى» دەپ كۆرسەتكەن. ئەمما گېگىلدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان جەمئىيەتشۇناس ماركس : «مەممەدان پەيلاسوپلار ھەرقانداق سورۇندا ئادەم ئۇستىدە توختالغاندا كونكرت نەرسىلەرنى كۆزدە تۇتماي، بەلكى ئابستراكتنى نەرسىلەرنى كۆزدە تۇتتى. دەپ جۈيلۈپ، ئادەم ئۇقۇمنى ئابستراكت سىنپى كۆرمش شەرھىيلىرى ئىچىدە غايىپ قىلىۋەتكەن. ماركس، كونكرت ئادەم ئۇستىدە توختالغان پەيلاسوپ گېگىلنى ئابستراكت ئۇقۇملار ئىچىدە غايىپ قىلىۋەتتى دەپ تەنقىتلىگەن.

پەيلاسوپ گېگىلنىڭ قارىشىچە : «روھىيەت » ئۆزىگە قايتىشى كېرەك. روھىيەت ئۆزىگە قايتىشى ئۈچۈن نۇرغۇن نەرسىلەرگە مۇھتاج بۇلىدۇ. روھىيەت رول ئوينايدىغان جۇغراپىيەلىك شەرت-شارائىتىنا (ماكان)سەھنىگە ئېھتىياجلىق بولۇپلا قالماستىن دۇنيا تارىخىنىمۇ ئۆزى رول ئوينايدىغان سەھنە قىلىشقىمۇ ئېھتىياجلىقتۇر. بۇ سەھنىلەردە رول ئوينايدىغان تېخىمۇ كونكرت، تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ ئەمئەنۋى نەرسە-مىللەتكە روھىيەت تېخىمۇ ئېھتىياجلىقتۇر. ئۇنىڭدىن قالسا روھىيەت رول ئويناش ئۈچۈن دۆلەتكە، ئادەمگە ئېھتىياجلىقتۇر.

ئۇيغۇرلارنى بىر مىللەت دەپ ھۆكۈم قىلايلۇق . بۇ مىللەتكە ئېھتىياجلىق بولغان روھىيەت قەيەردە؟ ياكى روھىيەت ئېھتىياجلىق بولغان مىللەت قەيەردە ؟ سۆزنىڭ مەنىسىدىن قارىغاندا روھىيەت پەقەت مىللەت ئارقىلىقلا رول ئوينىشى كېرەك . مىللەت مىللەت روھى ئارقىلىق ئۆزىنى ئىپادىلىشى لازىم. روھىيەت دۆلەت ئارقىلىق رول ئوينىشى لازىم. دۆلەت قەيەردە؟ روھىيەت يەنە ئادەم



ئارقىلىق رول ئوينىشى كېرەك. ئىنقىلاۋى ھەركەتلەردە رول ئالغۇچى روھىيەت ئېھتىياجلىق بولغان ئادەم قەيەردە؟ مىللەت ئادەملەردىن تەشكىللەنگەن بولۇدۇ. يەككە- يېگانە ئادەملەرنىڭ تەشكىلى ياكى ئىتتىك جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنى پەيدا قىلغان ئىدى.

گېگىل ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە ھەرقايسى ئادەملەرنى «ئەقىل» ۋە «ئەقىللىق »دەپ مۇقۇملاشتۇرغان. شۇڭا گېگىل روھىيەت مەنتىقىسىگە يېتىش ئۈچۈن ياكى روھىيەت ئۆزىگە قايتىشى ئۈچۈن «ئەقىل»نى، «ئادەم»نى، «مىللەت»نى قورال قىلىش كېرەك، دەپ قارىغان.

شۇنداق ئىكەن روھىيەت ئەقىلدىن پايدىلىنىش، ئادەمدىن پايدىلىنىش، مىللەتتىن پايدىلىنىش كېرەك.

روھىيەتنىڭ ئۆزىگە قايتىشى ئابستراكتنى تەبىر بولماستىن، ناھايىتى مۇرەككەپ تارىخى جەريان. ئىنقىلاپ جەريانى قوزغىلاڭ، نامايىش جەريانى دەپ قەيت قىلىمىز. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مەدەنىيەت گۈللەنگەن، روھىيەت ساپلاشقان. روھىيەت ئۆزىنى تەڭ تەن ئالغان. مىللى روھ ئۆزىنى بىلىپ يەتكەن ۋە ئەخلاق دائىرىسىدە ئۆزىنى مۇقۇملاشتۇرغان دەۋرلەر بولغانمىدى.؟

30-يىللار، 40-يىللار دىسەڭلارچۇ؟ بۇ يىللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ئېتىقات روھى ئۆزىنى ئىپادىلىگەن ئىدى، ئەقىل ئۆزىنى ئىپادىلىگەن ئەمەس بەلكى ھېسسىيات ئۆزىنى ئىپادىلىگەن ئىدى. روھىيەت ئەقىلدىن پايدىلانغان ئەمەس بەلكى، روھىيەت دىنى ئېتىقاتتىن پايدىلانغان ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىللىق ئىنقىلاۋىنىڭ تارىخى بەغلۇبىيەت تارىخى بولۇپ خولاسىلەندى. ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر روھىنىڭ ئۆزىگە قايتىشىنى خالايدىغان بولسا، ئەقىل بابىدىن سۆز باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق ئىكەن ھەربىر ئۇيغۇر ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئەمىلىيىتىنى بىلىشى لازىم بولۇدۇ. مەۋجۇتلۇق ، خىتايغا قۇل بولۇپ تۇرغان مەۋجۇتلۇق، يەنە بىر خىلى ئۆزى ئۈچۈن ئۆزىگە خوجايىن بولۇشنى كۆزلىگەن مەۋجۇتلۇق. ئۆزىگە ئۆزى خوجايىن بولۇشنى كۆزلىگەن مەۋجۇتلۇق قوغداشنى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قوغدىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ روھىيەت-مىللى روھنىڭ ئۆزىگە قايتىشى دىگەنلىكتۇر. روھىيەتنىڭ ئادەمگە، مىللەتكە ئېھتىياجلىق بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇ يەردىدۇر.

ئەقىل توغرىسىدا گېگىل: «ئەقىل دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، ئوخشاشلا ئەقىل دۇنيا تارىخىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئۆزى ئۈچۈن ئومۇمى بولغان ئەملى نەرسىلەرنى سېلىشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى (مۇستەقىللىق ، دۆلەت، مىللەت ئادەم قاتارلىقلار)ئۇنىڭغا بېقىندى نەرسە ۋە ئۇنىڭ (ئەقىل)ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قورال بولۇپ قالىدۇ، -دەپ كۆرسەتكەن.

گېگىلنىڭ قارىشىچە «بىر مىللەتنىڭ ئەقلى مىللەت بولۇشى، بىر مىللەتنىڭ يەنە روھىيەتنىڭ قورالى بولۇپ قېلىشى، شۇ مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا پۈتۈنلەي شۇ مىللەتنىڭ ئاڭسىزلىقىغا تەئەللۇقتۇر» پەيلاسوپ گېگىل بۇ يەردە نىمە دىمەكچى؟ جەمئىيەت تارىخىنىڭ جەريانى زۆرۈرىيەت تاسادىپىيلىققا تولغان جەرياندۇر. جەمئىيەتنىڭ تارىخى زۆرۈرىيەتنىڭ مەھسۇلى بولغاندەك ھەم تاسادىپىيلىقنىڭ مەھسۇلىدۇر. زۆرۈرىيەت تەبئىيەت قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن بولسا، ھالبۇكى زۆرۈرىيەت ياكى تەبئەت قانۇنىيەتلىرى بىر مىللەتنىڭ ياكى بىر ئادەمنىڭ ئىختىيارىدا بولمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ئادەملەر ۋە مىللەت جەمئىيەت دىگەنلەر زۆرۈرىيەتنىڭ ئىختىيارىدا بولۇدۇ ۋە تەبئىيەتنىڭ ئىختىيارىدا بولىدۇ. ئاددى مىسال بىلەن چۈشەندۈرسەك تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈش ئادەمنىڭ ئىختىيارىدا بولمايدۇ. شۇڭا ئادەم قاچان تۇغۇلۇشنى ۋە قاچان ئۆلۈشنى بىلمەيدۇ. تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈش بىر زۆرۈرىيەت بولسا، قاچان تۇغۇلۇش ۋە قاچان ئۆلۈش بىر تاسادىبىيلىقتۇر. شۇڭا بىر مىللەت ۋە بىر ئادەمنىڭ نۆۋىتىدە «ئەقىل»نى ۋە «روھىيەت»نىڭ قورالى بولۇپ قېلىشى پۈتۈنلەي مىللەت ۋە ئادەمنىڭ ئاڭسىز جەريانىغا تەئەللۇق بولۇدۇ. مەسىلەن قىزىل كىرىمىل ئىمپىرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشىگە نەزەر سالايلى. سان-ساناقسىز نەزىرىيەچىلەر گورباچېپ كومىنىزىم ئىمپىرىيىسىنى ئاغدۇردى دىيىشتى. كومىنىزىم ئىمپىرىيىسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى تارىخى مۇقەررەرلىك بولۇپ،گورباچېپنىڭ پائالىيەتلىرى تارىخى تەرەققىياتنىڭ مەلۇم باسقۇچىدا يۈز بەرگەن تاسادىپى ۋەقەلەرگە تەئەللۇقتۇر. شۇڭا گورباچېپ ئاملى تارىخى ئۆزگۈرۈشلەردە ھەل قىلغۇچ ئامىل ھېساپلانمايتى. زۆرۈرىيەت ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان دەقىقىلەر يىتىپ كەلگەندىلا گورباچېپ، ئادەملەر ۋە رۇس مىللىتى زۆرۈرىيەتتە گەۋدىلەنگەن ئەقىلنىڭ ۋە روھىيەتنىڭ قورالى بولۇپ خىزمەت قىلدى. شۇڭا بۇ يەردە «ئەقىل»نى ھەم «روھىيەت»نى ھەم تەبئەتتىن ھالقىغان بىر كۈچ — ئاللانىڭ ئىرادىسى-دەپ قەيت قىلىشىمىز لازىم. تارىختىكى بارلىق كىشىلەرمەيلى ئاددى ئادەملەر ياكى ئۇلۇغ شەخسلەر بولسۇن ئۇلارنىڭ قانداق ھەركەت قىلىشى، قانداق پائالىيەت قىلىشى، قانداق تەپەككۇر قىلىشى ۋە قانداق كۈرەش قىلىشىدىن قەتئى نەزەر ھامان «ئەقىل» ۋە «روھىيەت »نىڭ بۇيرىغىلا ۋە

ھەيدەكچىلىكىلا قوبۇل قىلىنىدۇ.-خالاس. گېگىل «'ئەقىل' ئادەملەرنىڭ قىزغىنلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئادەملەرنى ئۆز ئارا كۆرەشكە سالىدۇ. لېكىن ئۆزى ھەرگىز بۇ كۆرەشنىڭ قاينىمىغا كىرمەيدۇ».-دەپ كۆرسەتكەن «ئەقىل»ئارقا سەپتە تۇرىدىكەن، ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولىدىكەن ، پاراكەندى-چىلىككە ئۇچرىمايدىكەن، دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىمايدىكەن. «ئەقىل» قىزغىنلىقتا ھەيدەكچىلىك قىلىپ ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىكەن. قىزغىنلىقچۇ؟ قىزغىنلىق ھەيدەكچىلىك ۋە رىغبەتلەندۈرۈش ئىچىدە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

گېگىل «لوگىكا »دىگەن ئەسىرىدە: ئەقىل ماھىر-ئوخشاشلا قۇدرەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك بولۇدۇ،-دەپ يازغان. ئەقىلنىڭ ماھىرلىقى ئادەتتە قورال بولغۇچىلارنى ئىشلىتىدىغان پائالىيەتلەردە ياكى قورالنى پايدىلىنىدىغان پائالىيەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئەقىلنىڭ پائالىيىتى بىر تەرەپتىن شەيئىلەرنى ئۆزىنىڭ ماھىيىتىگە ، خۇسۇسىيەتلىرىگە يارىشا ئۆز-ئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان ، ئۆز- ئارا قارشى تەرەپنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. دىمەك، يوقارقىلار دۇنيا ۋە دۇنيانىڭ ھەركەتلىك جەريانىدا تەڭرى ئىرادىسىنىڭ مۇتلەق ماھىرلىقىدۇر.

«ئەقىل»ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىدىغان قىزغىنلىق زادى قانداق قىزغىنلىق؟ گېگىل: قىزغىنلىق پايدا-زىيان مۇناسىۋەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش -دەپ ئىنتايىن توغرا ئېيتقان ئىدى .«مەنىۋىيەت پەلسەپىسى» دىگەن ئەسىرىدە :«قىزغىنلىق ئارزۇلارنىڭ بىر خىل كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك شەكلى» -دەپ كۆرسەتكەن بولسا «تارىخ پەلسەپىسى»دىگەن ئەسىرىدە «قىزغىنلىق-خۇسۇسى مەنپەئەت، ئالاھىدە مەقسەت ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا مەنپەئەتپەرەسلىك بويىچە ئورۇنۇشتىن ھاسىل بولغان ئىنسانىيەت پائالىيىتى- ئىنسانلار پۈتۈن زېھنى بىلەن بۇ مەقسەدىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قوغلىشىدۇ»،-دىگەن.(مۇستەقىللىق ئالاھىدە مەقسەت دەپ تۇرايلۇق) ئىنسانلار شۇ مەقسەت ئۈچۈن يەنە باشقا مەقسەت بولالاي-دىغان نەرسىلەرنىمۇ قۇربان قىلىشقا ماقۇل بولىدۇ. ئەنە شۇنداق قىزغىنلىق كىشىلەرنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلەر جۈملىدىن سىياسى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. قىزغىنلىق بولمايدىكەن ھەرقانداق چاغدا ھەرقانداق ئۇلۇغ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ.

خوش ئەپەندىلەر «پايدا-زىيان مۇناسىۋەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش» قىزغىنلىق دەپ ئاتىلىدىكەن، بىز ئۇيغۇرلار ھازىرغىچە نىمە پايدىلىق، نىمە زىيانلىق دەپ تونۇپ كەلدۇق؟ «قىزغىنلىق مەنپەئەتپەرەسلىككە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنۇشتىن ھاسىل بولغان ئىنسانىيەت پائالىيىتى ئىكەن، بىز ئۇيغۇرلار قانداق خارەكتىردىكى مەنپەئەتپەرەسلىك بويىچە يەنە قانداق خارەكتىر ياكى مەقسەتلىك ئورۇنىشتىن ھاسىل بولغان پائالىيەتلىرىمىزنى قىزغىنلىق دەپ ئېيتالايمىز؟

بىز ئۇيغۇرلار بىر قەۋم ئىدۇق، بىز ئۇيغۇرلار بىر مىللەت ئىدۇق، بىز ئۇيغۇرلار بىرخەلق ئىدۇق، بىز ئۇيغۇرلار ئاللاغا بەندە، پەيغەمبەرگە ئۈممەت ئىدۇق. ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا خىتايغا مۇستەملىكە بولۇپ قېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى زادى قانچىلىك ئىدى؟ خىتايلار بىز ئۇيغۇرلارنى مۇستەملىكە قىلغانمۇ ياكى بىز ئۆزىمىز خىتايلارغا مۇستەملىكە بولۇپ بەرگەنمۇ؟ بىز 20- ئەسىر ئىچىدە ئۈچ قېتىم قولىمىزغا قورال ئالغان مىللەت ئىدۇق، ھەتتا غەلبە قىلىپ مۇستەقىللىق جاكارلىغان مىللەت ئىدۇق، يەنە نىمە ئۈچۈن قولىمىزدىكى قورالنى تاشلاشقا مەجبۇر بولدۇق؟ قورال تاشلاشقا مەجبۇر بولغان تاشقى سەۋەپلەرنى كۆرسەتكەندە ھە دىسە ئىستالىنغا دۆڭگەپ قويىمىز ، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقىنىڭ نىمە زىيان كەلتۈرىدانلىقىنى ۋە نىمە پايدا كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئىستالىن ھېساپلاپ يەتكەن بولسا قولىدىكى قورالنى تاشلىغاندا نىمە پايدىغا ياكى نىمە زىيانغا ئىرىشىدىغانلىقىنى ئۇيغۇرلار كۆرۈپ يېتەلىدىمۇ؟ قېنى ئەقىل؟

گېگىلىنىڭ قارىشىچە «تارىخ تەرەققىياتىنى ھەركەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىزغىنلىقتىن باشقا يەنە ئېھتىياج، مەنپەئەت ۋە خۇسۇسى ئارزۇلارمۇ تارىخ تەرەققىياتىنى ھەركەتلەندۈرگۈچى» كۈچ ھېساپلىنىدىكەن دەل شۇ خىل« ئېھتىياج »، «مەنپەئەت»، «خۇسۇسى ئارزۇلار»ئىنسانىنىڭ بارلىق پائالىيىتىنىڭ بىردىن-بىر ئەڭ كۈچلۈك مەنبىئى ھېساپ-لىنىدىكەن. شۇڭا بۇنداق كۈچ قانۇن- نىزام تەرىپىدىن ....... چەكلىمىگە قارىماي تەلەپلەرنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تەرەققى قىلىدۇ. بۇنداق تەبىئى ئىنتىلىش تەرتىبىنى ھېمايە قىلىش ۋە

ئۆزىنى ئۆتنۈۋېلىش، قانۇن نىزام دەيدىغان سۇنئىي ۋە كىشىنى بىزار قىلغۇچى پەندى -نەسىھەتلەرگە قارىغاندا كىشىلەرگە بىۋاستە تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە بۇ نوقتىنى ماركسىنىڭ دوستى ئېنگىلىس ھەم ئېتىراپ قىلىپ: «ياۋۇزلۇق تارىخى تەرەققىياتنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچى كۈچى ئورنىدا ئىپادىلىنىدىغان شەكىل»، دەپ كىبكىلىنىڭ قاراشلىرىنى مۇقۇملاشتۇرغان ئىدى. بىر مەنىدىن ئېيتقاندا ياكى تۇلۇقى بىلەن مۇقۇملاشتۇرغاندا فېيودالىزىم ياكى بۇرژۇئازىيەنىڭ تارىخى تەرەققىياتى ۋە خىتاي مۇستەبىتىزىمىنىڭ ھازىرغىچە پۈت تىرەپ تۇرالىشى يوقارقى نوقتىلارنى ئۈزلۈكسىز ۋە مۇنازىرىسىز ئىسپاتلاپ كەلمەكتە.

2

بۇ يەردە قىزغىنلىقنى شۇ دەرىجىدە كۈچەپ تەشۋىق قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى، مۇھىمى ئۇيغۇر جەمئىيتىنى ئەستايىدىل كۈزۈتۈش ۋە ئەمىلى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىقتۇر.

ئۇيغۇر جەمئىيتى نادانلار قاتلىمى ۋە ئاقىللار قاتلىمى — دەپ ئىككى تەركىپكە ئايرىلغاندىمۇ نە ئاقىللار قاتلىمىدا، نە نادانلار قاتلىمىدا «ياۋۇز تەبىئەت پىشىپ يېتىلمىگەن »، «ساددا مېھرىۋانلىق»نى يېتەكچى ئورۇنغا قويۇپ كەلگەن جەمئىيەتتۇر. كىبكىل جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى: «تەكرار ئىشلەپ چىقارغۇچى (تەكرار نەسىل قالدۇرغۇچى) شەخسلەرنى- ئاۋام خەلق ۋە دۇنياۋىي تارىخى شەخسلەر — دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىغان ئىدى.

ئۆزىمىزگە قايتىپ كىلەيلۇق، ئۇيغۇر جەمئىيتىنى نادان، قالاق، قاششاق شەخسلەردىن تەركىپ تاپقان جەمئىيەت — دەپ تەرىپلەيلۇق. ساددا ۋە مەنپەئەتپەرۋەرلەر، ساددا مىللەتچىلەر دەرھال ئوتتۇرغا چىقىپ بىزگە قارشى ئېتىراز بىلدۈرىشى مۇمكىن. نادان ۋە قالاق ھالەتتە قېلىشنىڭ ئوبيكتىپ سەۋەبى مۇستەملىكە تۈزۈم ھېساپلانسا، يالقاۋلۇق، ھورۇنلۇق، ئۆزىنى ئادەم چاغلىماسلىق، ئۆزىنىڭ قەدىر قىممىتىنى بىلمەسلىك نادان ۋە قالاق ھالەتتە قېلىشنىڭ سوبىكتىپ سەۋەبىدۇر. ئۇيغۇر دىگەن بۇ مىللەتنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى زادى قانچىلىك؟ دىنى بىلىملەر ۋە پەننى بىلىملەر بۇيىچە سەۋىيەلىكلەرنى پۈتۈن مىللەتنىڭ ئاھالىسىگە سۇندۇرۇپ ھېساپلىغاندا قانچە پىرسەنتنى ئىگەلەيدۇ؟ 32ھەرىپنىمۇ قوشۇپ يازالمايدىغان ساۋاتسىز قارا خەلق قانچە پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. زىيالى دىگەنلەرنىڭمۇ مەسىلىلەرنى ئاڭقىرىش ئىقتىدارى زادى قانچىلىك؟ ھېساپلىماق قىيىن. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى مىلادى 9-ئەسىردە ئۇيغۇر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن باشلاپ ھەزىرغىچە 1100 يىل ئۆتتى. ئېنىقراق ئېيتقاندا ئۇيغۇر خەلقى «ئەلھەمدۇ»، «قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەد» دىگەن سۈرە- ئايەتلەرنىڭ پەلسەپىۋى تارىخى ئارقا كۆرۈنىشىنى بىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن ھەتتا بۇ سۈرە — ئايەتلەرنىڭ تەرجىمە مەنىسىنىمۇ بىلمەي 1100 يىلنى ئۆتكەزدى. بۇ بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا نىمە دىگەن ئېچىنىشلىق ئەھۋال؟!

بۇ يەردە مەن ئۆزۈم دىنى ساھەدە ساۋاتسىز بولغانلىقىم ئۈچۈن باشقىلارنى ھەم ساۋاتسىز دەپ قاراپ، بۇ ساھەدە ساۋاتلىق كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلغاندەك؛ ئېھتىمال ساۋاتلىق دىنى ئەرباپلارنىمۇ ئومۇملاشتۇرۇپ دىنى ساھادىكى بارلىق كىشىلەرنى ساۋاتلىق-دەپ ھۆكۈم قىلىپ ساۋاتسىزلارمۇ ساۋاتلىقلار قاتارىغا قويۇلىشى مۇمكىن.

پەننى بىلىملەرنى ئۆگۈنۈش، ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيەتنى مەرىپەتلىك جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ بىردىن-بىر ۋاستىسى. بىر جەمئىيەتتە بۇنداق تەرەققىيات پەقەت مائارىپ ئارقىلىقلا روياپقا چىقىدىغان بىر ئىشتۇر. ھالبۇكى، ھازىرقى كۈندە «ئۇيغۇر مائارىپى»نى ئۇيغۇرنىڭ مائارىپى دىگىلى بولمايدۇ، ئۇيغۇرنىڭ مىللى خاراكتىرى، مىللى مەدەنىيىتىگە، مىللى ئەنئەنىسگە تامامەن خىلاپ ھالدا ئۇيغۇرنىڭ مىللى روھىنى يوقۇتۇش ۋە خىتايلاشتۇرۇش ئۈچۈن تەشكىللەنگەن بۇ مائارىپ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مۇستەملىكە سىياسىتىگە خىزمەت قىلىدىغان مائارىپتۇر. يەنە بۇنى ئاز كۆرگەندەك پەننى مائارىپ ئۇيغۇرىستاندا مىلتارىست شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرىدە باشلانغان. 1935-يىلى قۇرۇلغان «شىنجاڭ دارىلمۇئەللىمىن»مەكتىۋىدە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنى ھېساپلىغاندا كومىنىست خىتايلار قۇرۇپ بەرگەن ئالى مەكتەپلەردە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمى سانى (1995-يىلغىچە)ئاران 35 مىڭ نەپەر ئىكەن. («شىنجاڭ

يىلنامىسى» تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 20 مىليون نوپۇسلۇق بىر مىللەتكە خىتاي مىللەتارىستلىرى، خىتاي گومىنداڭلىرى، خىتاي كومىنىستلىرى تەربىيلەپ بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئاران شۇنچىلىك بولۇدىغان بولسا، ئېچىنىشلىق؟ ئادەم چىدىيالمايدىغان دەرىجىدە ئېچىنىشلىق ئەھۋال ئەمەسمۇ بۇ!

مەسىلە بۇ يەردە كومىنىست خىتايلار تەربىيلەپ بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ساپاسى، تەربىيىلىنىش سەۋىيىسى توغرىسىدا پىكىر قىلىپ كۆرەيلۇق.

ئالى مەكتەپلەرنىڭ ئىجتىمائى پەن كۇرسلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆگەنگەن دەرىسلەر: پارتىيە تارىخى، جوڭگو ئىنقىلاۋى تارىخى، سىياسەت، جوڭگونىڭ قەدىمقى زامان، يېقىنقى زامان تارىخى، جوڭگونىڭ هازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى، ئۇيغۇر تىلى گىراماتكىسى، لوگىكا ۋە ۋاھاكازا. مەن بۇ پەنلەرنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى بىلەن لوگىكا پەنلىرىنى پەن دەپ ھېساپلايمەن، باشقا پەنلەرنىڭ پەن بولۇش قىممىتى يوق پەنلەردۇر. چۈنكى پەن بولۇش ئۈچۈن پەننىڭ ئۇنىڭ تەتقىق قىلىدىغان ئوبىكتى بولۇشى كىرەك، ئەلبەتتە، شۇ «پەنلەر»نى ئۆگەنگەن ئوقۇغۇچىلار قانچىلىك بىلىمگە ئىگە بولالايدۇ؟ ئاتا-ئانىسى دېھقان، يېزىلاردىن كەلگەن دېھقان ئائىلىسىدە ئائىلىۋى تەربىيە كۆرگەن بۇ كىشىلەر ئاتالمىش ئالى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ چىققاندىن كىيىن، خۇددى خىتاي كومىنستلىرى يېزا- كەنتلەرگە بەلگىلەپ بەرگەن، مەيدىسىگە قاتار قەلەم قىستۇرۇپ «دادۇيجاڭ، شاۋدۇيجاڭ» بولۇپ يۈرگەن كىشىلەردىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ.

ھەممىدىن ئېچىنىشلىق يېرى شۇ يەردىكى 1994- يىلى «ئوقۇغۇچى قۇبۇل قىلىش ئىشخانىسى»نىڭ مەخپى نەشىر قىلغان كىتابىدا ئاشكارىلىنىشچە (مەن بۇ كىتاپنى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىغا ئەۋەتىپ بەرگەن) بىر يىللىق ئىستاتىسكىغا ئاساسلانغاندا شۇ يىلى ھەر 10 مىڭ نوپۇسقا سۇندۇرۇپ ھېساپلىغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئالى مەكتەپكىچە مەكتەپتە تۇرۇش نىسپىتى: ( بىر مىليون قازاق، تەخمىنەن)نىڭ 84 نەپەر، ( 60مىڭ قىرغىز، تەخمىنەن) 56 نەپەر، كۆچمەن خىتايلارنىڭ 96 نەپەر، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاران 3 نەپەر ئىكەن. قېرىنداشلىق، دىنداشلىق، تۇركداشلىقنى دەۋا قىلىدىغان ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىم بۇ قۇرلاردىن قانداق ھەقىقەتنى كۇرۇپ ئالالايسىز؟ بۇنداق تەڭسىزلىكنى كىم كەلتۈرۈپ چىقاردى؟

ھەرقانداق ئەلدە مائارىپ ئادەمنىڭ خارەكتىرىنى مىللەتنىڭ مىللى روھىنى، مىللى تەبىئىتىنى، ئىنسانغا خاس ئەخلاق- پەزىلىتىنى تەربىيلەيدىغان مەرىپەت ئوچىقىدۇر. ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا، ئەكسىچە بولغاندا مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق بولۇدۇ. بەلكى ھەممىنىڭ تەرەققىياتى ھەممىدىن مۇھىم نەرسە ھوقۇققا باغلىق بولۇدۇ. ئاندىن تەرەققىيات ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولۇدۇ. بۇگۈنكى كۈندە پەننى بىلىم ئۆگەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى بىلىملەردىن خەۋرى بولمىسا دىنى بىلىم ئۆگەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ پەننى بىلىملەردىن خەۋرى بولمىسا، پەننى بىلىم بىلەن دىنى بىلىم ئايرىلىشىپ كەتكەن ھازىرقى دۇنيادا بىز ئۇيغۇرلار ئەخلاق- پەزىلىتىمىزنى مەۋجۇتلۇقىمىزنى نىمگە تايىنىپ ساقلاپ قالىمىز؟

دىمەك بىر ئەلدە بىر مىللەتنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى شۇنچىلىك ئىكەن. «روھىيەت»بۇنداق قەۋىمگە قانداق تەلەپلەرنى قۇيالىشى مۇمكىن؟ «مىللەت»لەرنى، «دۆلەتلەر»نى، «ئادەم»نى مەقسەتكە يېتىشنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرماقچى بولغان روھىيەت كىمدىن نىمە تەلەپ قىلالايدۇ؟

ئاۋام خەلققە كەلسەك، ئۇلار نادان، بىلىمسىز بولۇدۇ؛ ئۇلارنىڭ ھەرقانداق پائالىيىتى ئاڭسىز بولۇدۇ. «تەكرار ئىشلەپچىقارغۇچى»، «تەكرار نەسىل قالدۇرغۇچى» ئاۋام خەلق ئەمگەك قىلغۇچى ئاۋام خەلقتۇر. جان بېقىش، ھاياتلىقنى ساقلاش، تىرىكچىلىك قىلىشنى ھاياتنىڭ ئادەتتىكى ئادىتى قىلىۋالىدۇ ۋە بۇ ئادەتنى مۇھىم دەپ تونۇيدۇ. بۇ ئاۋام خەلق ئەمگەك جەريانىنىڭ مۇقەرەر ھاسىلاتى بولغان ئەمگەك مەقسىدىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ساۋاتسىز بولغانلىقتىن ھەرگىز- ھەرگىز چۈشەنمەيدۇ. مەخسەتتىن خالى ھالدا

خىتاينىڭ قولىغا ئايلىنىپ ئۆزلىرىنى مۇستەملىكچى خىتايلارنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ بىرىدۇ.

شوڭا گېگىل: «قانۇننىڭ پەلسەپىۋى قائىدىلىرى» دېگەن كىتابىدا: «ئاۋام خەلق ئۆزىنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىرقىسىم كىشىلەردۇر»-دەپ كۆرسەتكەن. باشقىلارنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلىش، ئۆزىگە خاس ئىرادە بىلەن ئەقلىنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلىش، چوڭقۇر بىلىش ۋە شۇ ئاساستا ھۆكۈم چىقىرىش ئەڭ ئاخىرقى خۇلاسە چىقىرىش بۇ ئاۋام خەلق خالايدىغان ئىش ئەمەستۇر. ئاۋام خەلق چېچىلاڭغۇ، تەشكىلسىز ئاھالىلار توپى. ئۇنىڭ ھەرقانداق پائالىيىتى بىرخىل ئىستىخىيىلىك پائالىيەت بولۇپ ئەقىلدىن خالىي مەقسەتسىز قارامىلىقتۇر.

ئاۋام خەلقنىڭ دۆلەت قۇرۇش ۋە دۆلەت باشقۇرۇش ئىقتىدارى بولمايدۇ، بۇ توغرىدا ئويلانغۇدەك تەسەۋۋۇر كۈچىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى دۆلەت تەشكىلاتى بۇ مەسىلە ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىلمى خىزمەت بولۇپ، ئاۋام خەلق قىلالايدىغان خىزمەت ئەمەس. ئۇنداقتا ئاۋام خەلق نېمە ئىش قىلىش كېرەك؟ «پايدا- زىيان مۇناسىۋەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزغىنلىقنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇلۇق شەخسلەرنى قوللاپ خەلق مەنپەئەتى نامى ئاستىدا ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىگە يېتەكچىلىك قىلالايدىغان بۈيۈك شەخسلەرنىڭ نوپۇزىنى تىكلەپ، ئەتراپىدا ئايلىنىپ قارغۇلارچە ياكى گېزى كەلگەندە ئاڭلىق گېزى كەلگەندە ئاڭسىز پائالىيەت قىلىش لازىم.

گېگىل: «يىنا» دەۋرىدە يازغان «ئەمەلىيەت پەلسەپىسى» دېگەن ئەسىرىدە : مۇتلەق ئىرادىنى بىلىش ۋە ئۇنى ئىپادىلەش بۈيۈك شەخسلەرنىڭ ئەۋزەللىكىدۇر.»-دەپ كۆرسەتكەن. بۈيۈك شەخسلەر ئۆزىنىڭ ئاكتىپلىقى بىلەن ئاۋام خەلقنىڭ پاسسىپلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ، ئاۋام خەلقنى ئۆزىنىڭ بايرىقى ئاستىغا جەم قىلالىغاندا بۈيۈك شەخسلەرگە يەنە بۈيۈكلۈك قوشۇلغان بولىدۇ. بۈيۈك ئىشلارنى قىلالمايدىغان لېكىن ئۆزىنى بۈيۈك ئاتىۋالغان كىشىلەر بۈيۈك ھېسابلانمايدۇ. يولۋاس تاغدىن چۈشكەندە ياكى يولۋاس تاغ ئۈستىگە چىقمىغاندا تاغ چوققىسىدىكى مايمۇنلار بازار قىلىشى ياكى پادىشاھ بولىۋېلىشى مۇمكىن. بۇ پەقەت ۋاقىتلىق ھادىسە. مايمۇنلارنى تاغ چوققىسىغا قويۇپ بەرگەن يولۋاس يېتىپ كەلگۈچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ۋاقىتلىق ھادىسە، بۇ خۇددى ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلغان ئادەم ئۇلۇغ ھېسابلانمايدۇ؛ شۇ كىشىلەرگە ئۇلۇغ ئىشلارنى قالدۇرغان ئادەم ئۇلۇق ئادەم ھېسابلىنىدۇ،- دېگەندەك مەنتىقە.

گېگىل بۈيۈك شەخسلەر ئۈستىدە توختالغاندا ؛«ھەتتا ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن قەھرىمانلارمۇ خالىغانچە ئىش قىلالمايدۇ؛ پەقەت ئەقىل ۋە روھىيەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە پائالىيەت قىلىدۇ ۋە تارىخنى يارىتىدۇ»دېگەن ئىدى.

بۈيۈك شەخسلەر نېمە ئۈچۈن تارىخ يارىتىدۇ؟ ئەۋەلدە دۇنيا روھىنى قانائەتلەندۈرۈش، ئۆزىنى بايقاش ۋە بايقالغان ئۆزلۈكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئۆزىگە قايتىش تەلەپلىرىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈنلا تارىخ يارىتىدۇ. شۇنداق ، تارىخ ياراتقاندىلا بۇ بۈيۈك شەخسلەر دۇنياۋى ئەقىل ۋە دۇنياۋى روھنىڭ ۋاكالەتچىسى بولۇپ قالىدۇ. شەخسلەر، بۈيۈك شەخسلەر ۋە بۈيۈك شەخسلەر توغرىسىدا توختۇلۇپ كېلىۋاتقان گېگىل شوڭا ناپالېيوننى ئات ئۈستىدىكى دۇنيا روھى دەپ تەرىپلىگەن ئىدى.



مۇبادا گېگىل: «دۇنيا تارىخىنىڭ تەرەققىيات جەريانى دۇنياۋى ئەقلىنىڭ تەرەققىيات جەريانى»،- دەپ تەرىپلىگەن بولسا، مەن بۇ يەردە ھەقلىق يۇسۇندا ئۇيغۇر جەمئىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىيات جەريانى ھەم ئۇيغۇر ئەقلىنىڭ تەرەققىيات جەريانىغا باغلىق دەپ چۈشۈنىمەن. بىر مىللەتنىڭ مىللى روھى تەرەققى قىلىپ مىللى روھنىڭ ئىككىنچى

دەۋرىلىك تەرەققىيات جەريانىنى هاسىل قىلالىسا، بىر مىللەتنىڭ مىللىي روھى بىرىنچى باسقۇچلۇق تەرەققىياتتىن باشقا يەنە يۇقۇرى باسقۇچلۇق تەرەققىيات دەۋرىگە كىرگەن بولىدۇ. ئاندىن بۈيۈك شەخسلەرنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشى مۇمكىنلىككە ئايلىنىپ تەرەققىياتنىڭ مۇرەككەپ جەريانىغا ماسلاشقان بولىدۇ، خۇددى ئانىلار بوۋاقلارنى تۇغۇپ بەرگەندەك دەۋر مىللەتچىلەرنى تۇغۇپ بېرىدۇ. چۈنكى،- دەيدۇ گېگىل: «بۈيۈك تارىخى شەخسلەرنىڭ ئالاھىدە مەقسەتلىرى دۇنياۋى روھنىڭ مەقسەتلىرىگە باغلىنىشلىق زور ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ»، ئىدىيىلىرى رىئال تۈزۈم تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغان بولسىمۇ، رىئال سىياسى تۈزۈم بىلەن قارىمۇ- قارشى بولۇپ قالغان شەخسلەرنى قەھرىمان - دەپ ئاتاشقا بولىدۇ، ئۇلار شۇغۇللانغان پائالىيەتلەرنىڭ مەقسىدى مەنبەئەلىك بولۇپ، ھە دېگەندە جەمئىيەتتە ئاشكارىلانمىغان بولىدۇ. ئەمما تاشقى دۇنياغا ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ تۇرىدۇ. ئاشكارىلانغاندا ئالدىنقى شەرت ئىنكاس شەكلىدە (مىللەت ياكى خەلق ئاڭلىق بولسا )ئاۋام خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندە ئەلبەتتە ئۇلۇق ھەركەتكە ئايلىنىدۇ.

گېگىل :« بۈيۈك تارىخى شەخسلەر ئەمەلى پائالىيەتچىلەر بولۇپلا قالماستىن بەلكى، سىياسىيونلاردۇر. مۇئەييەن ئىدىيىگە (دىققەت! ئىدىيىسىگە) مۇئەييەن ئاڭلىق مەقسەتكە (دىققەت! ئاڭلىق مەقسەتكە) ئىگە كىشىلەردۇر»،-دەپ كۆرسەتكەن. ئۇلار دەۋرىنىڭ نېمىلەرگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، قانداق ئىشلارنىڭ ۋە تەلەپلەرنىڭ ۋەزىيەتكە مۇۋاپىقلىقىنى، دەۋرىنىڭ ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ھەقىقەتلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئومۇمى نەرسىلەرنى بىلىش ئۇلارنىڭ كەسپى ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى ھەر بىر قەدەمدە بىلىپ بىرلەشتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرى ئىنتايىن ئۆتكۈر ۋە نەزەر دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولىدۇ، كەڭ قورساق بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ پائالىيىتى دەۋرىنىڭ روھىغا ماسلاشقان پائالىيەت، ئۇلارنىڭ سۆز- ئىبارىلىرى شۇ دەۋرىنىڭ سۆز-ئىبارىلىرى بولۇپ قالىدۇ.

مىللىي قەھرىمانلار دەۋر ئىرادىسىنىڭ ۋەكىللىرى ، كىم شۇ دەۋرىنىڭ ئىرادىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىكەن ۋە كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرالايدىكەن ئۇ كىشى شۇ دەۋرىنىڭ بۈيۈك شەخسى بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ شەخىش بولۇپ قالىدۇكى چۈنكى، ئۇلار يېتەكچىلىك قىلغان ياكى تاماملىغان ئىش يېگانە خىيال ۋە يېگانە خاھىش بولماستىن بەلكى دەۋرىنىڭ ئېھتىياجىغا شىپالىق دورا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بۈيۈك پائالىيەتتۇر.

مىللىي روھنىڭ ئىپادىلىرى قانداق بولىدۇ؟ مىللىي روھ ئۆزىنى قانداق ئىپادىلىشى كېرەك؟ مىللىي روھ ئىجتىمائى هاياتتا ئۆزىنى قانداق ئىسپاتلىشى لازىم؟ مىللىي روھ ئىقتىساد دائىرىسىدە ئۆزىنى قانداق ئىپادىلىشى ۋە يەنە ئۆزىنى قانداق ئىسپاتلىشى لازىم ؟ مىللىي روھ سىياسى ساھەدە ئۆزىنى قانداق ئىپادىلىشى ۋە ئۆزىنى قانداق ئىسپاتلىشى لازىم؟ مىللىي روھ مەدەنىيەت ساھاسىدە ئۆزىنى قانداق ئىپادىلىشى لازىم؟ مىللىي روھ سىياسى ئاكتىپ شەخسنىڭ ۋۇجۇدىغا قانداق جەملىنىشى كېرەك ۋە ئاۋام خەلق مىللىي روھنىڭ نوپۇزىنى قانداق تىكلىشى كېرەك؟ سوئاللارنى شۇ تەرىقىدە ئوتتۇرغا قويساق، هازىرقى زاماندا بۇ سوئاللارنى چۈشىنىدىغان قانچىلىك ئادەم بار؟

ئۇنداقتا مىللىي روھ دېگەن نېمە ؟ ئەنگىلىيەلىك قانۇنشۇناس جون لاكىنىڭ تەبىرىگە ئاساسلانغاندا :« مىللىي روھ ئۆزىنى قوغداش ئېڭى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش روھىدۇر». ئۇنداقتا، «ئۆزىنى قوغداش ۋە ئۆزىنى ساقلاش » بۇ هايۋانلارغىمۇ خاس بولغان بىر خىل ئىقتىدار ئەمەسمۇ؟ شۇنداق بىر ئىشنىڭ يەنە بىر ئىشقا نېمە قەرزى بار؟ هېچقانداق قەرزى يوق. بىر ئىشنىڭ يەنە بىر ئىشقا مەسئۇل بولىدىغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىمۇ يوق. ئەمما، ئىككى ئىشت ئولجا ئوبىكتىغا ھوجۇم قىلىشتا، دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشتا بىرلىشىپ ھەركەت قىلىدۇ، ئادەملەرچۇ؟ ئۇيغۇرلارچۇ؟

(ئەسىردىكى كۆزقاراش ئاپتورغا تەۋە)

[redacted]

# [illegible]

ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر (ئالى مۇھەررىر، ئامېرىكا)

دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مۇستەملىكىچى باشقا دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ تېررىتورىيىسىنى بېسىۋالغاندا ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىدىنى يوشۇرۇپ «قۇتقۇلدۇرۇش»تونى بىلەن نىقابلىنىپ ئۆز جىنايىتىنى خەلق ئالەم ئالدىدا قانۇنلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى زامان كوممۇنىست باسمىچىلىرى ئەتراپىدىكى خوشنىلىرىنى ئىسكىرى كۈچ ۋە ھىلە ئارقىلىق زورلۇق بىلەن بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنى«زۇلۇمدىن قۇتقۇلدۇرغۇچى»، «بەخت-سائادەت ئېلىپ كەلگۈچى» دەپ ئاتاپ، كىشىنى تەسىرلەنگۈدەك چىرايلىق ئىبارىلەر ئارقىلىق سىياسەت-قانۇنلارنى تۈزۈپ، مۇستەملىكىچى قىياپىتىنى يوشۇرماقچى بولدى. ماھايەتتە ئەتراپىدىكى خوشنىلىرىنى سىياسى جەھەتتە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى، ئىقتىسادى جەھەتتە ئەزدى، مەدەنىيەت جەھەتتە يوقارقى خوشنىلىرىنىڭ بايلىقلىرىنى خالىغانچە بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى.

مۇستەبىت خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي تېرىتورىيەلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى ۋە قانۇنى شەرقى تۈركىستان، تىبەت ۋە موڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن يۈرگۈزگەن رەزىل سىياسىتى ۋە زورلۇق قانۇنى بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخى شەكىللىنىش جەريانى يىتەكچى ئىدىيىسى، ئىچكى خارەكتىرى، ھەقىقى ماھىيىتى ۋە ئاخىرقى مەقسىدى قاتارلىقلارنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش، شۇنىڭدەك بۇ سەپسەتىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە بەرگەن نەتىجىلىرىنى ئاشكارا پاش قىلىش، ئۆز ئىستىقلالى ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان



مىللەتلەرنىڭ جۈملىدىن شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ نەزىرىيە ۋە سىياسى ساھادىكى مۇھىم ۋەزىپىسى.

1- مىللى تېرىتورىيەلىك ئاپتونومىينىڭ شەكىللىنىشى

ماركسىزىمنىڭ مىللەت نەزىرىيىسىنى ئاساس قىلغان بۇ سەپسەتىنى ئەڭ دەسلەپ لېنىن ئوتتۇرغا قويدى ۋە ستالىن ئىجرا قىلدى. روسىيە ۋە يۇگوسلاۋىيەدە ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئاساسى قانۇنغا كىرگۈزىلدى. مەركەز بىلەن ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەردە مىللەت تەركىبى ئاساس قىلىنىپ، ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر ھوقۇقىنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل يۈرگۈزۈش، ئۆزىنىڭ ئاساسى قانۇننى تۈزۈش، چەتئەللەر بىلەن بىۋاستە ئالاقە يۈرگۈزۈش، ئۆز جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارمىيىسىنى تەشكىللەش ھەتتا بۇ ئىتتىپاقتىن ئىختىيارى ھالدا چىقىپ كىتىش ھوقۇقلىرى بىرىلدى. رىئاللىق بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، سېۋېت باسمىچى ئارمىيىسى ھەرقايسى مىللەتلەر زېمىنىغا شىددەتلىك باستۇرۇپ كىرىپ، ئەسلىدە مەۋجۇت بولغان ھاكىمىيەتلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، مىللەتلەرنى دەھشەتلىك قىرغىن قىلدى، ئالتۇن -كۈمۈش كەبى مال- دۇنيالارنى ۋە خام ئەشيالارنى بۇلاپ تالىدى. ئارمىيە ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ قورچاق ھاكىمىيەت تەشكىللىدى، مىللى تېرىتورىيەلەرنى خالىغانچە بۇزدى، رۇس مىللەتچىلىكىنى غالجىرلىق بىلەن يۈرگۈزۈپ مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى يوقاتتى، تىل- يېزىقىنى ئۆزگەرتتى، دىنىنى دەپسەندە قىلدى. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىمكى بۇ خىل ساختا سىياسەت، يالغان ھوقۇق ۋە بىۋاپا تۈزۈملەر ئەڭ ئاخىرىدا «ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتاچېپىش» تەك ئاقىۋەتنى يەنى جۇمھۇرىيەتلەر ئۆز ھوقۇقىنى، ئىمپېرىيەنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى تونۇپ يىتىپ ئۆز مۇستەقىللىقىنى قانۇنى يول بىلەن ئېلىشتەك نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشتى.

روسىيە كومىنىستلىرىنىڭ قۇتراتقۇلىقى بىلەن قۇرۇلۇپ، ھەربىي ياردىمى بىلەن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان خىتاي كومىنىستلىرى 1931- يىلى رۇيجىندە ئېچىلغان 1-قېتىملىق مەملىكەتلىك جۇڭخۇا سېۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇنى پروگراممىسىدا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەسىلىسى ھەققىدىكى قارار لاھىيىسىدە «مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزلىرى ھەل قىلىش ھوقۇقى بولۇشتا چىڭ تۇرۇش سىياسىتىنى ئوتتۇرغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر قۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا ۋەدىلەر بەرگەن ئىدى.

1935-يىلى 12-ئايدا ۋە 1936-يىلى 6-ئايدا جۇڭخۇا سېۋېت مەركىزى ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستان ۋە تىبەتلەرنىڭ مۇناسىۋەتسىز مۇستەقىل دۆلەتلەر ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، پەقەت موڭغۇل ۋە تۇنگان مىللەتلىرىگە ۋەدە بەرگەن ئىدى. تۇنگان خەلقىگە ئېلان قىلغان مۇراجىتىدە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «بىز مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشىنى ئۆزى ھەل قىلىش پىرىنسىپىغا ئاساسەن تۇنگانلارنىڭ ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي تۇنگانلار ئۆزلىرى ھەل قىلىشنى ئومۇمەن تۇنگانلار ئاز سانىنى ئىگىلەيدىغان رايونلاردىمۇ رايون ۋە يېزىلارنى بىرلىك قىلغان ھالدا مىللى باراۋەرلىك ئاساسىدا تۇنگان ئاپتونوم ھۆكۈمىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىمىز». بۇ خىتاپنامىگە ماۋزىدوڭ ئۆزى ئىمزا قويغان.

1938- يىلى 11- ئايدا خىتاي كومىنىستلىرىنىڭ 6-نۆۋەتلىك 6-ئومۇمى يىغىنىدا ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىن كېيىن ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم ۋەدە بەرگەن ئىدى. شەرقى تۈركىستاننى بولسا «غەرپتىكى دۆلەتلەر»- دەپ ئاتىغان ئىدى. 1939-يىلى 12-ئايدا ماۋزىدوڭ بىر پارچە ماقالە يېزىپ «جۇڭخۇا» مىللىتى دىگەن ئۇقۇمنى ئوتتۇرغا قويۇپ: «ئۇلار باراۋەر ئاساستا بىرلىششنى خالايدۇ» دىگەن بىشارەتنى بەردى1941-يىلىغا كەلگەندە «چېگرا رايوندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى»نى ئېلان قىلىپ شەنشى، گەنسۇ، نىڭشا قاتارلىق چېگرا رايونلاردىكى تۇنگانلارغا ئاپتونوم رايون قۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.1949-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنى ئىچكى موڭغول ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

شۇنى قەيت قىلىشقا توغرا كېلىدۇكى، خىتاي كومۇنىستلىرى شۇ چاغقا قەدەر شەرقى تۈركىستاننى مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە ياكى ستالىننىڭ كەلگۈسىدىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى سۈپىتىدە تونۇپ كەلگەن ئىدى.

ستالىن خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاشقى موڭغولىيىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش بەدىلىگە شەرقى تۈركىستاننى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر قاتارىغا قوشۇۋالمايدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەندىن كېيىن بولۇپمۇ يالتا خىتاپنامىسىدىن كېيىن خىتاي كومىنىستلىرى بۇ گۆھەر زېمىنغا كۆز تىكىشكە باشلىدى. ئۇيغۇرلارنى ئالداپ ئىدارە قىلىشقا كۆزى يەتمىگەن ستالىن شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ تىزگىنىنى خىتاي كومىنىستلىرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ھېسابىغا خەينەنداۋ بامبۇكزارلىقىدىن بىر ھەربى بازا ئېلىش سودىسىنى پۈتكۈزدى. ئارقىدىن يەنە سۈيقەست پىلانلاپ شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى ئۇجۇقتۇرۇپ خىتاي كومىنىستلىرىغا رەسمى ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ خىتاي كومىنىستلىرى مىللى سىياسەت ۋە ئاپتونومىيە تۈزۈملىرىنىمۇ شەرقى تۈركىستانغىمۇ تەدبىقلاشقا مۇيەسسەر بولدى.

خىتاي كومىنىستلىرى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ ئاچقان بىرىنچى قېتىملىق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىدە «ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا مىللى تېرىتورىيەلىك ئاپتونومىيە يولىغا قويۇلۇدۇ »-دەپ بەلگىلىمە چىقاردى. 1954- يىلى ئېلان قىلغان ئاساسى قانۇندا: «مىللى ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ ھەممىسى(شەرقى تۈركىستانمۇ بار دىمەكچى-ئاپتوردىن) جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر، ئۇلار مەركەزنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشىغا بويسۇنىشى لازىم»،-دەپ ئېلان قىلدى. 1955-يىلى 10-ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شۇنداق قىلىپ 1958- يىلغا قەدەر 4 ئاپتونوم رايون (شۇ چاغقىچە تىبەتكە دۆلەت قاتارى مۇئامىلە قىلىنىپ بىتىم تۈزۈلگەن) 29ئاپتونوم ئوبلاست، 54 ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلدى.

شەرقى تۈركىستاندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانغا قەدەر شەرقى تۈركىستاندىكى ھەر مىللەت خەلقى جۈملىدىن ئۇيغۇرلار خىتاي كومىنىستلىرىنىڭ ساختىپەزلىكىنى تونۇپ يېتىپ ، نۇرغۇن قېتىم قوراللىق، سىياسى قارشىلىقلارنى ئۇيۇشتۇردى. شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلۇپ 30 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ھەربى قوشۇن تارقىتىۋىتىلگەنگە قەدەر ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى رەھبەرلەر ستالىننىڭ بېسىمىغا ۋە خىتاي كومىنىستلىرىنىڭ ئاپتونومىيە سىياسىتىگە ئىزچىل قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۆز ھاياتلىرىنى تەقدىم قىلىشتى. ئوسمان باتۇر داۋاملىق قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇردى .1951- يىلى ئۈرۈمچىدىكى زىيالىلار گېزىتىدە ئاشكارە قارشىلىق كۆرسەتتى. غولجىدىكى زىيالىلار «51 چىلەر يىغىنى»

چاقىرىپ مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلدى. قەشقەر، خوتەن، ئۈچتۇرپانلاردا خەلق قوراللىق قوزغالدى. 1954 -يىلى چىڭداۋدا چاقىرىلغان مىللى خىزمەت يىغىنىدا رەھبەرلىرىمىزدىن سەيپۇللائايۇپ جوڭگىنىلەينىڭ سۆزىگە ئاشكارە قارشى چىقتى. ھەتتا ئاپتونوم رايون قۇرۇلۇپ ئىككى ئايدىن كىيىن پۈتۈن شەرقى تۈركىستان دائىرىسىدە زىيالىلار چوڭ ئېچىلىپ- سايراپ خىتاي كومىنىستلىرىنىڭ ئالدامچىلىقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. خىتاي كومىنىستلىرى ئۆز مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا يۇقۇرى ھەربى كۈچكە تايىنىپ «باندىت تازىلاش»، «زومىگەرلەرنى جازالاش»، «ئەكسىئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش»، «يەرلىك مىللەتچىلەرگە زەربە بىرىش» دىگەندەك بەدناملارنى چاپلاپ، 35 مىڭدىن ئارتۇق مۇتىۋەر زاتلارنى ۋە زىيالىلارنى ئۆلتۈردى، 80 مىڭدىن ئارتۇق زىيالىينى قامدى ۋە نازارەت ئاستىغا ئالدى. ئاپتونوم رايون دىگەن قورچاق ھاكىمىيەت ئورگىنىغا ساۋاتسىزدېھقان-چارۋىچىلارنى، ساختىپەز، ئىككىيۈزلىمىچىلەرنى ۋە ئۆزغالچىلىرنى سەپلىدى.

خىتاي كومىنىستلىرىنىڭ مىللى تېرىتورىيەلىك ئاپتونومىيىسى دەسلەپ يالغان ۋەدە بىرىپ ئاندىن ئالداش، ئاساسلىق كىشلەرنى يوقاتقىچە پايدىلىنىش،كىيىن ئاستا- ئاستا گېپىدىن يېنىۋېلىش، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى قانلىق قىرغىن قىلىپ، بەجبۇرى بويسۇندۇرۇش، ئاخىرىدا بىر يۈرۈش ساختا سىياسى نىقاپلارنى پەدەزلەپ كۆرسىتىپ خەلقارا جامائەتچىلىكنى ئالداش، ئىچكى قىسىمدا رەھىمسىز ھوقۇق يۈرگۈزۈپ قورچاق ھاكىمىيەت تەييارلاشتەك ھىلى- مىكىرلىك تارىخى جەريانلارنى ئۆتكۈزۈپ، بۈگۈنگىچە داۋاملاشماقتا.

بۈگۈنكى كۈندە بولسا «يەن،خۇاڭ ئەۋلادلىرى بىز»، «شەرقى تۈكىستان ئەزەلدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەس، خىتايلارنىڭ زىمىنى » دىگەندەك ئاشكارە مەيدانغا چىقىپ، مىللىي تېرىتورىيەلىك ۋە ھوقۇق ئورگانلىرىنىمۇ ئىنكار قىلماقتا.

2- مىللى تېرىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنىڭ خارەكتىرى ۋە ئۇنىڭ مەقسىدى

خىتاي كومىنىست ھۆكۈمتى 1982-يىلى مىللى تېرىتورىيەلىك تۈزۈملىرىنى بىر قۇر يەكۈنلەپ ئاساسى قانۇنغا كىرگۈزدى ۋە شۇ ئاساستا مىللى ئاپتونومىيەلىك جايلار قانۇننى رەسمى ئېلان قىلدى. شۇنداقلا بۇ قانۇننى بارلىق مىللى مۇناسىۋەت، مىللى مەسىلە ۋە مىللى سىياسەتلەرنى تۈزۈش ۋە بىر تەرەپ قىلىشنىڭ تۈپ قانۇنى دەپ مۇتلەقلەشتۈردى.

ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ مەقسىدى: «تۆت ئاساسى پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ بېشىدىلا كومىنىستلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، ماركسىزىم ۋە ماۋزىدوڭ مەپكۇرىسىدە، دېكتاتۇر تۈزۈمدە، سوتسىيالىزىم يولىدا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئالدىنقى شەرت ئېنىق كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە خىتاي مىللىتىنىڭ مەنپەئەتى، خىتاي مىللىتى بىلەن ئىتتىپاق بولۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىش، قاتتىق پىرىنسىپال بولۇش(ئاساسى قانۇنغا سادىق بولۇش)قاتارلىق بەش تۈرلۈك كاپالەت پىرىنسىپى ئالاھىدە بەلگىلەنگەن. ئاپتونومىيە قانۇنىدا تۆۋەندىكىدەك بەلگىلىمە بار: «ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ ھەممىسى جوڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى.

«ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ ئومۇمى مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، يۇقۇرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى تاپشۇرغان ھەرخىل ۋەزىپىلەرنى ئاكتىپ ئورۇنداش لازىم»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ۋە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان ھەركەتلەرنى پەيدا قىلىش قەتئى مەنئى قىلىنىدۇ.»، «مىللى تېرىتورىيەلىك جايلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ دۆلەتكە تۆھپە قوشۇشى لازىم». ھەممىگە مەلۇم خىتاي ھۆكۈمتى بىر پارتىيە زومىگەرلىكى ئاساسىدىكى ۋە ھەربى دېكتاتۇرلىقىدىكى فېودال فاشىست ھاكىمىيەت. ئۇنىڭ تۈزگەن ئاپتونومىيە قانۇنىمۇ ئوخشاشلا خارەكتىر جەھەتتىن يۇقۇرىدا بايان قىلغاندەك ئۆز پارتىيىسىنىڭ سىياسى خارەكتىرىدىن ئايرىلاالمايدۇ. يەنى قانداق ھەربى ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىش ۋە ساقلاش مەسىلىدە ھەممىنى، جۈملىدىن ستراتېگىيە ۋە ئىقتىسادى جەھەتتىن ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەر مەنپەئەتىنى رەھىمسىز قۇربان قىلىۋىتىدۇ. ئومۇمەن خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئاپتونومىيە قانۇنى زۇلۇم خارەكتىرىدىكى قانۇندىن ئىبارەت.

3- ئۇلار نىمە ئۈچۈن بۇنداق زورلۇق خارەكتىرىدىكى قانۇننى يۈرگۈزىدۇ؟

بىرىنچىدىن: خىتاي ھاكىمىيتى ئۇزۇن يىللاردىن بىرى «بەش پىرىنسىپ»نى ھە دەپ بازارغا سېلىپ دۆلەتلەر دېپلوماتىيەسىدە «ئىچكى ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق» سىيساستىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ ئادەتلەندۇرىۋالغاندىن

كېيىن بېسىۋالغان زېمىنلىرىنى ۋە بۇ زېمىنلاردىكى زورلۇقلىرىنى دۇنيادا قانۇنلاشتۇرۇشنى، شۇ ئارقىلىق چەتتىن كېلىدىغان خەۋپتىن ساقلىنىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، قانۇن ئۈستىقۇرۇلمىغا تەۋە زورلۇق ماشىنىسى بولۇپ، سىياسى جەھەتتە جامائەت پىكرى تەييارلاپ ھەممە ئىش قانۇن بىلەن كىتىۋاتىدۇ ياكى«قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلار جازالىنىدۇ» دىگەندەك ئىدىيۋى پىكىر ئېقىمى پەيدا قىلىپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا يول قويماسلىق، نۆۋەتتە كەلگەندە ئاشكارە باستۇرۇش ئېلىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئۈچۈنچىدىن: ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تېررىتورىيە ھوقۇقىنى قانۇنى جەھەتتىن ئىنكار قىلىپ، ئۇلارنىڭ مىللى مەۋجۇتلۇقىنى، مەدەنىيىتىنى، تارىخىنى ئۆرپ-ئادىتىنى يوق قىلىپ، خىتايلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇ زېمىنغا ئىگە بولۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

تۆتىنچىدىن: ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، يېرى مۇنبەت بولغاچقا بىر مىللياردتىن ئارتۇق خىتايلارنى بېقىش ۋە ھەربى ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى بايلىقلىرىنى قانۇنى زورلۇق ئۇسۇلى بىلەن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيتى مىللى تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ بىر قانچە ماددىلىرىغا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسى ۋە ئىقتىسادى مەنپەئەتلىرى مەدەنىيەت، دىنى ئەركىنلىكلىرى ھەققىدە بىرمۇنچە يالغان ۋەدىلەرنى يېزىپ قويغان. بۇ ماددىلار ئالدى بىلەن ئاساسى قانۇندىكى خىتاي مىللىتىگە بېرىلگەن ھوقۇقلاردىن پەرقلەنمەيلا قالماستىن مۇھىمى ئاپتونومىيە قانۇندا تۈپ خارەكتېرلىك مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن بىرمۇنچە چەكلىمە، چىگرا ۋە يول قويماسلىق نوقتىلىرى سىپلىنغان.

دۇنيا جامائەتچىلىكىگە مەلۇم بولغىنىدەك خىتاي زېمىنىنىڭ بەشتىن بىرىگە تەڭ كېلىدىغان شەرقى تۈركىستان زېمىنىنىڭ ئىنتايىن مول يەر ئاستى بايلىقلىرى بار، ئورمان، سۇ بايلىقلىرى مول، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر شارائىتى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئۈچۈن قولايلىق ئىمكانلارنى ياراتقان. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن «گۆھەر زېمىن »ئاتالغان شەرقى تۈركىستان بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن خىتاي ئۆلكىلىرى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بايلىق مەنبەسى، خام ئەشيا ماكانى، سودا- سېتىق ماكانى بولۇپلا قالماستىن بەلكى غەرپ ئەللىرى ئۈچۈن ئېچىلغان دەرۋازىدىكى «توققۇزتەل ماكان» بولۇپ قالماقتا. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ خىل ئەۋزەل شارائىتتىن قانۇنى پايدىلىنىش مەقسىدىدە «جوغراپىۋى جەھەتتىن قانۇنى ئىگەللىۋېلىش، سىياسى جەھەتتىن قانۇنى تەسىر كۆرسىتىش، ئىقتىسادى جەھەتتىن قانۇنى تالان- تاراج قىلىش، ئەسكىرى جەھەتتىن قانۇنى زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشتىن ئىبارەت بىر يۈرۈش قانۇنلاشتۇرۇش تاكتىسكىسى يۈرگۈزۈپ، شەرقى تۈركىستان خەلقىگە مىللى تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى زورلاپ تاڭدى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونومىيە قانۇنىدا «قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسىدە »،«ئەمىلى ئەھۋالغا قاراپ»، «مۇمكىن قەدەر»، «ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە»، «مۇۋاپىق ساندا»، «مەلۇم نىسبەتتە»، «ئىمكان قەدەر»، «ئەمىلى ئېھتىياجغا قاراپ»، «يۇقۇرىدىن تەستىقلاپ»، «ئومۇمەن»، «ئالدى بىلەن»، «مۇۋاپىق ئېتىبار»، «بەلگىلەنگەن دائىرىدە» دىگەنگە ئوخشاش مۇجمەل، تۇترۇقسىز، چېگراسىز، ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە جۈمىلەر ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ، بىرمۇ مەسىلىگە قارىتا ئېنىق، مۇقۇم، ۋە كەسكىن بەلگىلىمە چىقىرىلمىغان. مانا بۇ مەسىلە ئوڭاي تېنىۋېلىش ۋە ئەمىلىيەتتە ئىجرا قىلماسلىقتەك، تۈپ خارەكتېرنى ئۈچۈق يۇرۇتۇپ بەرگەن.

1955 -يىلى شەرقى تۈركىستاندا مەجبۇرى قۇرۇلغان ئاتالمىش«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دەپ ئاتالغان قورچاق ھاكىمىيەتنىڭ 50 يىللىق يىرگىنىشلىك ئەمىلى ھاياتى، خىتاي كومۇنىستلىرىنىڭ رەزىل مەقسىدىنى ناھايتى ئۈچۈق ئاشكارىلاپ بەردى.

4- مىللى تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنىڭ ھەقىقى ماھىيتى.

مىللى تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە — مىللەت تەركىۋى، تېررىتورىيە چېگرىسى، مەمۇرى ئورنى، ئاپتونومىيە ھوقۇقى، ئىچكى، تاشقى مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىق تۈپ مەسىلىلەرگە چېتىشلىق بولغان ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ ئالدى بىلەن مىللى تېررىتورىيە، ئاپتونومىيەلىك ئورگان ۋە ھوقۇقتىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم ئامىلدىن تەركىپ تاپقان بولۇدۇ.

مىللى تېررىتورىيە- مۇئەييەن مىللەتنىڭ تارىختىن بۇيان ياشىغان زېمىنى- ئانا ۋەتىنىگە قارىتىلغان ئاتالغۇ بولۇپ، كونكرت زېمىن ھېچ دەخلىسىز ھالدا شۇ مىللەتكە تەئەللۇق مەڭگۈلۈك مىراستۇر. مۇنداق زېمىنگە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ ۋە تارتىۋالالمايدۇ. ئەگەر بۇ مەسىلە ئىنكار قىلىنىدىكەن ياكى باشقىلار تەرىپىدىن تارتىۋېلىنىدىكەن ۋە ياكى قوشۇۋېلىنىدىكەن ئۇ ھالدا

تاجاۋۇزچىلىق، مۇستەملىكىچىلىكتىن ئىبارەت جىنايەت شەكىلىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ۋەتىنى بولغان بارلىق زېمىنىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ.

خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ تارىختىن بۇيان سېرىق دەريا بويلىرىدىكى كەڭسۇ ۋادىلىرىدىن تارتىپ سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدىكى بىر تالاي زېمىنلارغىچە بولغان تۈرۈك زېمىنلىرىنى ئۆز تەۋەسىگە قوشۇۋالغانلىقى ئاز دەپ، بۈگۈنكى كۈندە پەقەت ئىككى مىليون كۋادرات مېترغا يېقىن قالغان ئۇيغۇرلارنىڭزېمىنىنى بېسىۋېلىپ، ئۇنىڭغا مىللى ئاپتونومىيەلىك تېررىتورىيە ئايرىپ بېرىشى تولىمۇ بىمەنىلىك بولۇپ، تارىخ ۋە جۇغراپىيەدىن خەۋىرى بار ھەرقانداق ئىنسان ئۈچۈن كۈلكۈلۈك ۋە ئېتىقسىزلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئالدى بىلەن شۇنى قەتئى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى خىتايلار شەرقى تۈركىستانغا نىسپەتەن ئوچۇق-ئاشكارە نومۇسسىز تاجاۋۇزچىدۇر. شەرقى تۈركىستاننىڭ يېڭى مۇستەملىكىچىسىدۇر. خىتاي ھاكىمىيىتى گەرچە شەرقى تۈركىستان تېررىتورىيىسىنى شەكلەن ۋە قانۇنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تارىختىن بۇيان ھەرخىل سىياسى ۋە ماددى مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن پارچىلاپ خوشنا دۆلەتلەرگە بېرىۋەتتى، خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن قوشۇۋالدى. قىسقىغىنە 200 يۈز يىل ئىچىدە شەرقى تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيىلىك خەرىتىسى خېلىلا كىچىكلەپ كەتتى.كوممۇنىستلار ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن روسىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ شەرقى تۈركىستان زېمىنىغا قوراللىق بېسىپ كىرىپ ئىگەللىۋالدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئالدى بىلەن «جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى»دىگەن قارا ۋىۋىسكىنى ۋەتىنىمىز زېمىنىگە ئاستى. خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى ئەڭ قەبىھ ۋاستە ۋە يوشۇرۇن ۋاستىلەر بىلەن شەرقى تۈركىستاننىڭ مىللى ھودۇدىنى ئىچكى قىسمىدىن پارچىلىدى ۋە مىللى تېررىتورىيەلىك ئالاھىدىلىكىنى يوقۇتىشقا باشلىدى.

5- ئاھالە كۆچۈرۈش ۋاستىسى بىلەن مىللى نىسپەتنى بۇزۇش.

خىتاي كوممۇنىستلىرى 1949- يىلىدىن باشلاپ يۇرتىغا قايتىشقا باشلىغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ۋە ئاھالىلىرىنى ئالداپ تىنچلاندۇرۇپ شەرقى تۈركىستاندا يەرلەشتۈردى.1956 -يىلغا قەدەر 500 مىڭدەك ئەسكەر ۋە ئاھالىنى شۇنىڭدەك 500 مىڭدىن ئارتۇق جىنايەتچىلەرنى يۆتكەپ چىقتى. ھەتتا مۇددەتسىز قاماققا بۇيرۇلغانلارمۇ ئەركىن ياشاش، ئۆزلۈك -ئەۋلادىنى يۆتكەپ چىقىش ئىمتىيازىغا ئېرىشتى. 1962 - يىلىغا قەدەر چېگرا توققۇنشى باناسى بىلەن 500 مىڭدەك ئەسكەر ۋە چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش باناسىدا بىر مىليوندەك ئەمگەك كۈچى خىتايلىرىنى يۆتكەپ چىققتى. شۇنىڭدىن باشلاپ پۈتۈن خىتاي ئۆلكىلىرىگە قارىتىپ «شىنجاڭ ياخشى جاي»، «ئاسان بېيىغىلى بولىدىغان جاي»، «تاغاردا ئالتۇن، باغدا مېۋە، چۆلدە ھايۋان»تاشلىنىپ ياتىدۇ. «ئەمەلدار بولاي دېسەڭ شىنجاڭغا كەل »، «جىنايەتچىلەرنىڭ باشپانا جايى»، «چەتئەلگە چىقىدىغان ئوچۇق ئىشىك» دىگەندەك شوئارلارنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، شەرقى تۈركىستاننىڭ قايىقىنى يوغان ئېچىۋېتىپ 20 مىليوندەك ئاھالىسىنى يۆتكەپ چىقتى. پەقەت ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى نوپۇسسىز ئېقىپ كەلگەن قاچقۇنلار بىر مىليونغا يېتىپ بارىدۇ. 1992-يىلى 5- ئايدا پىلانلىق ۋە مەقسەتلىك ھالدا 5مليۇن ئاھالىنى كۆچۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئاشكارا جاكارلىدى.

چېگرا مۇداپىئە لىنىيىسى ۋاستىسى بىلەن مىللى نىسبەتنى بۇزۇش . خىتاي كوممۇنىستلىرى دۆلەت چېگرا مۇداپىئەسى ۋە ئىچكى قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇش باھانىسى بىلەن شەرقى تۈركىستاندا تۆت خىل ئارمىيە تۈرى شەكىللەندۈردى . دولەت مۇداپىئە قىسىملىرى ئەڭ ستراتېگىيىلىك ۋە مەخپى جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى . بۇلارنى مەركىزى مۇداپىئە مىنىستىرلىكى ۋە ھەربى كومىتېت بىۋاستە باشقۇرىدۇ. ئەسكىرى قىسىملار رايونلۇق ھەربى رايون بەشقۇرۇشىدا ۋە يەرلىك شۆبە ھەربى رايونلار باشقۇرۇلشىدا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پۈتۈن چېگرىلارنى بويلاپ 10 نەچچە· دىۋىزىيە (200 نەچچە پولك ) ئىشلەپچىقىرىش ئارمىيىسى يېرى مۇنبەت، سۈيى مول، قورشاۋغا ئەپلىك ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى . ھەر قايسى شەھەر، ناھىيەلەردىكى ساقچى قىسىملار ۋە ئىدارە زاۋۇت، يېزىلاردىكى خەلق ئەسكىرى قىسىملىرى جىددى پەيتتە ھەركەتلىنىشكە تەييار قىلىپ ھازىرلاندى. يۇقۇرقىلار گەرچە ئىگەللىگەن زېمىن جەھەتتە خېلى ئېنىق بولسىمۇ، ئەمما سانى جەھەتتە مۇتلەق مەخپى بولۇپ. ھەربى ئارقا سەپ تەمىنات ئورۇنلىرىنىڭ ئاشكارلىشىچە 5مليۇندىن ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە . بۇ قىسىملارنىڭ ئائىلە- تاۋاباتلىرى ۋە ئۇرۇق تۇققانلىرى تېخىمۇ كەڭ ئىمكانلار ئارقىلىق كۆچۈپ چىقىپ يەرلىشىش ھوقۇقىغا ئىگە.

6- يەرلىك خەلقلەرنى قىرغىن قىلىش ، قوغلاش ۋاستىسى بىلەن مىللى نىسبەتنى بۇزۇش .

ختاي ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستاندا «باندىتلارنى تازىلاش»، «زومىگەرلەرنى يوقۇتۇش »، «ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنى باستۇرۇش »، «شەھەرلەرنى تارقاقلاشتۇرۇش»، «كېسەل مېكروپلىرىنى تارقىتىش»، «چەتئەلگە-قېچىشقا قۇتۇرتۇش»، قاتارلىق سۈيقەستلەر بىلەن ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەرنى ئۆلتۈرۈپ ۋە يوقۇتۇپ ئۇلارنى شەھەرلەردىن ۋە يېزا قىشلاقلاردىن قوغلىدى.1949-1950-يىللىرىلا چېگرانى ئېچىۋېتىپ ۋە ئوچۇق پاسسپورت بېرىپ 100 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىنى زېمىندىن ئايرىۋەتتى. 1961-يىلى پەقەت باي ناھىيىسىدىلا 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلدى.1962 -يىلى 100 مىڭدىن ئارتۇق كىشى چەتئەلگە چىقىپ كەتتى، 1970-يىلى 5-ئاينىڭ 29-كۈنى بىر كۈن ئىچىدىلا 74 ئادەم ئېتىپ تاشلاندى . شۇ يىلى 80 مىڭ ئادەم تۈرمىگە كىردى، يۇرتىدىن قوغلاندى، ئۇندىن باشقا يېقىنقى يىللاردا كېسەل تارقىتىش. ئاتوم سىنىقى قىلىش ، سۇ مەنبەسىنى ئايرىۋېتىش ئۇسۇلىدا 100 مىڭلارچە ئادەمنى ئۆلتەردى ياكى ماكانلىرىدىن ھەيدىۋېتىپ ئىگەللىۋالدى،

7- پارچىلاپ باشقۇرۇش ئارقىلىق مىللى نىسبەتنى بۇزۇش

بۇ ۋاستە ختاي ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تارىخدىن بۇيان ئىشلىتىپ كەلگەن ئەڭ قەبىھ ۋاستىسى بۇلۇپ، كومىنىستلار مىللى تېرىتورىيە ئايرىشتا بۇ ۋاستىدىن تولىمۇ ئۇنۇملۇك پايدىلاندى، ختاي مىللىتى بارلىق شەھەر، ناھىيە بازارلىرىدىكى ئاھالىلىرىنى ۋە مەمۇرى خادىملىرىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىۋالغاندىن تاشقىرى مەخسۇس ختايلارنىڭ سانائەت شەھەرلىرىنى، ناھىلىرىنى بەرپا قىلدى. شىخەنزە، كۈيتۇڭ، قارماي، ئۈرۈمچى، كورلا ، مالەن شەھەرلىرىدە خەنزۇ مىللىتىنىڭ نىسپىتى ٪85- ٪98گە قەدەر بولۇپ، بۇ شەھەرلەرنى بۇلار ئاساسەن ئىگەللەپ ئالدى. ئۇندىن باشقا شەرقى تۈركىستاندىكى قىزىلسۇ، بايىغۇلىن، سانجى، ئېلى قاتارلىق ئوبلاسلار ۋە بىر مۇنچە ناھىيە، بازارلارنى ئۇيغۇرلاردىن باشقا مىللەتلەرگە بۆلۈپ بەردى ۋە بىۋاستە باشقۇرۇپ بۆلىۋالدى. ئۆزئارا مەنپەئەت توقۇنۇش يىلتىزلىرىنى تېرىپ ئۆز ئىچىدە ئەملىيلەشتۇرۇپ پايدىلىنىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. نەتىجىدە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇق ۋىۋىسكىغا ئايلىنىپ قالدى.

8- سىياسى، تارىخى جەھەتتىن ئىنكار قىلىش ۋاستىسى بىلەن مىللى نىسپەتنى بۇزۇش

ختاي ھۆكۈمىتى ھازىرغا قەدەر ئاھالىلار ۋە مىللەتلەر نوپۇس سانىنى يوشۇرۇش ۋە يالغان مەلۇم قىلىشتەك ۋاستە ئارقىلىق مىللى نىسپەتنى سىياسى ئېھتىياجى ئۈچۈن ماسلاشتۇرۇپ مىللى تېرىتورىيە ساھىپىنى ئالداپ كەلمەكتە. ئاپتونوم رايون ۋىۋىسكىسنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ۋە خەلقارا جامائەتتىن يوشۇرۇش ئۈچۈن ختاي مىللىتى نوپۇسنى 5 – 6 ھەسسە ئازلىتىپ مەلۇم قىلماقتا، شەرقى تۈركىستان خەلقىنى بولسا 3-4 ھەسسە ئازلىتىپ مەلۇم قىلماقتا. مەسىلەن: ئىشلەپ چىقىرىش ئارمىيىسىنىڭ ھەر بىر پولك قىسمىدا 12مىڭدىن 18 مىڭغا قەدەر ختايلار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئۆزىلا تەخمىنەن 3مىليوندىن ئاشىدۇ. غەربى شىمال رايونى ئارقا سەپ تەمىنات مىنىستىرلىكى شەرقى تۈركىستاندىكى دۆلەت مۇداپىئە قىسىملىرى ئۈچۈن تېرە جۇۋا تىككىشتە 1مىليون جۇۋىلىق قوي تېرىسى سېتىۋالدىغانلىقىنى ئاشكارلىغان. بۇلار ئائىللىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئەلبەتتە 2 مىليوندىن ئاشىدۇ.

ختاي سىياسەتچىلىرى يېقىنقى يىللاردا بىر قەدەم ئىلگىرلەپ زېمىن دەۋاسىدا كۆكەملىك باسقۇچىغا كۆچتى. ئۇلار ياللانما سىياسى تارىخچىلاردىن پايدىلىنىپ يالغان تارىخنى ياساپ چىقىپ، «ئۇيغۇرلار 840- يىلى ئورخۇن بويلىرىدىن كەلگەن شەرقى تۈركىستان ئەسلىدە ختايلارنىڭ زېمىنى » دېگەن ئويدۇرمىنى بازارغا سالدى. ناھايىتى ئايانكى ئۇلار خەلقارالىششقا قاراپ كىتىۋاتقان شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ زېمىن دەۋاسىدا ئاۋۋال مۇش ئېتىشقا ھازىرلانماقتا.

9 - زېمىن سېتىش ۋاستىسى بىلەن مىللى نىسپەتنى بۇزۇش

1992-يىلى 9-ئايدىن باشلاپ ختاي مەركىزى ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى شەھرىدە خەلقارا سودا كىلىشىمى يىغىنى چاقىرىشنى يولغا قويۇپ، شەرقى تۈركىستاننىڭ يەر-زېمىننى، كان بايلىقلىرىنى ۋە سانائەت بازىلىرىنى ئاشكارا كۆتىرە بېرىش، سېتىپ بېرىش توختاملىرىنى تۈزۈشتى. ئۈرۈمچى شەھرىدىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىدىن ئەنئەنچۇ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن زېمىن شاڭگاڭ، ئاۋمىن، تەيۋەنلىك ۋە چەتئەللىك سودىگەرلەرگە 70 يىللىق ئىجارىسى بىلەن ئالداپ سېتىۋېتىلدى. بۇ مەسىلىدە ھېچكىم ئاپتونومىيە قانۇنلىرىنى ئويلاپمۇ قويمىدى. ئومۇمەن يوقارقىدەك تۈرلۈك ۋاستىلار ئارقىلىق ختاي ھاكىمىيتى ئاپتومومىيە قانۇنىنىڭ مىللى تېرىتورىيە ھەققىدىكى ئەڭ ئەللى ساۋاتلارغىمۇ ئەمەل قىلمايلا قالماستىن، ئالاھىدە ئىمتىياز بىرىلگەن بۇ زېمىنلارنى

خالىغانچە ئاياق ئاستى قىلدى. ھەتتا ئۆز ئەمەلى ھەركىتى ئارقىلىق ئاز ساندىكى مىللەتلەرگە يۈرگۈزگەن قانۇنلىرىنىڭ يالغانلىقىنى ئۆچۇق ئاشكارلىدى.

مىللى تېرىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنىڭ ئىككىنچى بىر مۇھىم ئاملى ئاپتونومىيەلىك ئورگان بولۇپ، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيە، بازارلىرىدىكى ئاساسى قاتلام تەشكىلاتلىرىدىن تەركىپ تاپىدۇ. ئاپتونومىيە قانۇنىدا«بۇ ئورگانلار ئالاھىدە ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىدىن چوڭراق ھوقۇق يۈرگىزىدۇ»،- دەپ بەلگىلەنگىنىگە قارىماي، ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت تەڭ دەرىجىلىك ئورگانلار ۋە بۇ ئورگانلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلساقلا يۇقۇردىكى ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ قورچاق ئورگان ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىۋالالايمىز. شەرقى تۈركىستاندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى، شىنجاڭ ھەربى رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسى قوماندانلىق ئىشتابى قاتارلىق تەڭ دەرىجىلىك 6ئورگان بار. ئۇندىن باشقا يەنە مەركەزگە بېۋاستە قاراشلىق دۆلەت مۇداپىيە قىسىملىرى ئورگىنى، ھەرقايسى مەركىزى مىنىستىرلىكلەرنىڭ شۆبىلىرى بار، ئەڭ ئالى دەرىجىلىك ھوقۇق-ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومدا بولۇپ ھەتتا يېزا بازارلارغا قەدەر ھەممە ئورۇندا (پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ مەسجىتلىرىلا بۇنىڭ سىرتىدا)ئۇنىڭ ياچېيكىلىرى بار بولۇپ ھەممىسىدە چوقۇم خىتاي مىللىتى بولۇش شەرتىدە 1-باشلىق(سېكرېتار) تەيىنلەنگەن بولىدۇ. پارتكومنىڭ سېكرېتارى ھەربى رايون ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ 1-قوماندانلىقىنى ئىككى قولدا تۇتۇپ تۇرىدۇ.ئۇنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارلىرى، بىرى خەلق ھۆكۈمىتى، بىرى خەلق قۇرۇلتىيى، بىرى سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى ۋە ئۇلارنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلارنىڭ بىرىنچى باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. مەسىلەن: پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى تۆمۈر داۋامەت ھۆكۈمەت رەئىسى، پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ھامۇدىن نىياز خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇدىرى. بۇ شەكىل ھەتتا چەت يېزىدىن تارتىپ 20 كىشلىك زاۋۇتلارغا قەدەر شۇ تەرتىپتە مۇتلەق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

خىزمەت پىلانى، ۋەزىپىگە تەيىنلەش، مالىيە چىقىمى قاتارلىقلار ئالدى بىلەن پارتكومدا قارارقىلىنىدۇ. ئاندىن خەلق قۇرۇلتىيى يالغاندىن رەسمىيەت بېجىرىپ بىرىدۇ، خەلق ھۆكۈمىتى شەرتسىز ئىجرا قىلىدۇ. پارتكوم ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دىگەن ئىككى ئورگاندىن تەشكىللەنگەن سىياسەت بەلگۈلىگۈچى ئورگاندىلا شەرقى تۈركىستان بۇيىچە 50 مىڭدىن ئارتۇق خىتايلار ياكى ئىنتايىن ئازساندىكى ئۇلارنىڭ غالچىلىرى تەييار تاپلىق بىلەن يوقىرى مۇئاش ئېلىپ بىكار ياتىدۇ. بۇلار پەقەت مەركەزدىن كەلگەن ھەرخىل قانۇن، بۇيرۇق، بەلگىمىلەرنى ۋاستە بولۇپ يەتكۈزۈپ قويىدۇ، خالاس. ئاپتونومىيە ئورگىنى بولغان خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى ماھىيەتتە ھېچقانداق ئەمەلىي ھوقۇقىسىز يەنە بىر تۈركۈم تەييار تاپلارنىڭ ماكانىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: 1991- يىلى خەلق قۇرۇلتىيىدىكىلەرنىڭ تەكلىبى بىلەن «ئۈچ ۋىلايەت مىللى ئىنقىلابى» سۆرەتلەنگەن 18 قىسىملىق تېلىۋىزىيە فىلىمى ئىشلەش خىزمىتى باشلىنىپ، خەلق ھۆكۈمىتى رەئىسى تۆمۈر داۋامەت 50 مىڭ يۈەن پۇل تەستىقلىغان، پارتكومنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى قوشۇلمىغانلىقتىن مالىيە نازارىتى خىراجەت ئاجرىتىشتىن باش تارتقان ۋە بۇ خىزمەت توختاپ قالغان. پارتكومنىڭ ئالدىدا ئىنتايىن ئاز بولغان(7000 دوللار) پۇلغىمۇ كۈچى يەتمىگەن ھۆكۈمەت قانداقمۇ ئاپتونومىيە ئورگىنى بولالىسۇن؟ بۇئەھۋالدا بۇ ھۆكۈمەت پۇخرالىرىنىڭ تىل-يېزىق، ئۆرپ- ئادەت، دىنى ئەركىنلىكلىرىدىن سۆز ئېچىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟

ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئۈچۈنچى بىر ئاملى-ھوقۇق ئاملىدۇر. ھوقۇق ماھىيەتتە ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئامىل بولۇپ، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 27 -ماددىسى ۋە ئاساسى قانۇننىڭ 10 -ماددىسى مەخسۇس ئاپتونومىيە ھوقۇقى ئۈستىدە توختالغان. بۇ ھوقۇقلار ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزاملارنى تۈزۈش . جامائەت خەۋپسىزلىك قوشۇنى تەشكىللەش، يەرلىك ئىقتىسادنى باشقۇرۇش، ئۆز جايىدىكى كىرىمنى ئىشلىتىش، مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش،كاسسىر،كەسپى تېخنىكلارنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىقلارغا يىغىنچاقلانغان. شۇ مەقسەتتە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە خەلق قۇرۇلتىينىڭ قول ئاستىدا يۇقۇرىدىكى ھوقۇقلار دائىرسىدە ئايرىم-ئايرىم مىنىستىرلىكلەر ۋە نازارەتلەر، شەھەرلەردە باشقارما، ئىدارلار، ناھىيلەردە بۆلۈملەر تەشكىل قىلىنغان. ھوقۇق يۈرگۈزۈش مەسىلىسىدە ئاپتونومىيە قانۇنىدا «پەقەت ئاپتونومىيلىك ئورگان دائىرىسىدە ۋە ئاپتونومىيەلىك قانۇن ئىچىدە ھوقۇق يۈرگۈزۈش»چەكلىمىسى بەلگىلەنگىنىگە قارىماستىن يەنە بىز

يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇ دائىرىسىدە قۇراشتۇرغان مەخسۇس مىنىستىرلىكلىرى بار. ئۇنىدىن باشقا ھەممە يەرلىك ئورگانلاردا پارتىيە كومىتېتى، پارتىيە ياچىيكىسى، پارتىيە گورۇپپىسى نامىدىكى يەرلىك باشقۇرغۇچى تەشكىلاتلار بار، ماھىيەتتەئاپتونومىيلىك ھوقۇقلارنى ئەنە شۇلار بەلگىلەيدۇ ۋە ئىجرا قىلىدۇ، مەسىلەن: كادىرلارنى تەربىيلەش . ۋەزىپە تەيىنلەش،خىزمەتلىرىنى ئىدارىلاردىكى كادىرلار بېجىرىدۇ، بۇ ئورگاندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمگە بويسۇنىدۇ، ۋە ئۇنىڭ تارماق شۆبىلىرى ھساپلىنىدۇ، مائارىپ، مەدەنىيەت، ئىشلىرىنىمۇ كونكرېت ئىجراقىلىدۇ، ئۇنىدىن باشقا، ئاپتونومىيەلىك ئورگانلارنىڭ ھوقۇقسىزلىقىنى تۆۋەندىكى ئەھۋاللارمۇ ئېنىق ئىسپاتلايدۇ.

1-يەرلىك ئاپتونومىيەلىك ئورگانلارنىڭ بىرىنچى باشلىقى ھەتتا خېلى كۆپ مۇئاۋىنلىرى ئاساسى جەھەتتىن پارتكوم ۋە شۆبىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بۇلۇپ، يەرلىك خەلقتە بۇ ھوقۇق بولمايدۇ.

2- ئەملى ھوقۇق دائىرىسىگە كىرىدىغان ساھەلەرنىڭ مەسىلەن: كان ئېنىرگىيە، مىتال. توقۇمۇچىلىق،خىمىيە، تەتقىقات، ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسى مەركەزگە قاراشلىق ئورگانلار بۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئورگانلارغا چىشى پاتمايدۇ.

3-ھەربى رايون، ئىشلەپ چىقىرىش ئارمىيىسى، دۆلەت مۇداپىيەسى قاتارلىق ئورگانلار ھساپسىز زىمىن ۋە ئىقتىساتنى ئىگەللەپ ئالغان بۇلۇپ ھەتتا ئۆز ئالدىغا سوت مەھكىمىلىرى ۋە ھەتتاكى ئۆزئالدىغا تۈرمىلىرى بار.

4-چەتئەل شىركەتلىرى ، بانكىلار ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ سانائەت كارخانىلىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھوقۇق يۈرگۈزىدىغان ئورگان بۇلۇپ يەرلىك باج ئىدارىسىگە باج تاپشۇردى دىگەندىمۇ بۇ باج ئىدارىسى يەنىلا مەركىزى ھۆكۈمەت باج مەھكىمىسىگە بېۋاستە قارايدۇ.

5-تاشقى سودا ئورگانلىرى مەركەزدىكى مىنىستىرلىكلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ تاشقى ئىش سودا كومىتېتىغا تەۋە بولغاچقا يەرلىك ھۆكۈمەتنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمايدۇ.

ئەڭ ئېچىنارلىقى شۇكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى يەنىلا پارتكوم تەشكىلات مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ تاللاپ بېكىتىلگەنلىكتىن يەنىلا سايلام رەسمىيەتلىرى يالغاندىن بېجىرىلىپ، بىر توپ مۇناپىق، غالچىلار ئەمەل تۇتۇشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ،

ئۇمۇمەن ئاپتونومىيەلىك ئورگانلاردا، ھەقىقەتچىل سايلام بولمىغانلىقى ھەتتا مەسجىتلەرنى باشقۇرۇش ئۇرۇنلىرىنىمۇ پارتكوم ئىگەللىۋالغانلىقى، زىمىن ئېگىلىرىنىڭ ھوقۇق ئورگانلىرىدا ئىشلەش، كادىر يېتىشتۇرۇش، ئۇقۇغۇچى قوبۇل قىلىش قاتارلىقلاردا ھېچ بولمىغاندا كونكرېت نىسبەت سانى ئېنىق بەلگىلەنمىگەنلىكى، بۇلۇپمۇ ھوقۇقلۇق ئورگانلاردا بىلىمسىز، ساۋاتسىز، ئوفىتسىرلار ھوقۇق تۇتۇپ ئۆزخالىغىنىچە باشباشتاقلىق ۋە مەزھەپچىلىك قىلىپ ئىش تۇتقانلىقى، ئۇلارنىڭ شەخسىيەتچىلىكتە ۋە مىللەتچىلىكتە، چېكىگە يېتىپ چىرىپ كىتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن خىتاي كومىنىستلىرىنىڭ ئەقەللى يالغان ئاپتونومىيە قانۇنلىرى ۋە ئۇنىڭ كونكرېت بەلگىلىمىلىرىمۇ ئاستا-ئاستا كۆپۈككە ئايلىنىپ يوققا چىقماقتا.

خۇلاسىلانغاندا خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ ئۆزى بېسىۋالغان تىبەت، مۇڭغۇلىيە جۈملىدىن شەرقى تۈرۈكىستان زىمىنلىرىدا يۈرگۈزگەن مۇستەبىت مىللى سىياستى چاۋىسى چىقىپ يىيىلغان شەرمەندە سىياسەت بۇلۇپ، ئۇنىڭ بۇ رايونلاردىكى بۇلۇپمۇ شەرقى تۈركىستاندىكى سىياسى زۇلمى، ھەربى ئىستىلاسى، ئىقتىسادى تالان -تاراجى كىشى چىداپ بولمايدىغان دەرىجىدە چېكىگە يەتتى، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى زىيالىلىرى خىتاي كومىنىستلىرىنىڭ بۇ خىل زوراۋانلىقلىرى ۋە ساختىپەزلىكىنى تونۇپ يىتىپ، ئۇيقۇسىنى ئېچىپ ئاڭلىق ھالدا كۆرەشكە ئاتلاندى، مۇستەقىللىق دەۋاسى پۈتۈن شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ قەلبىگە تۇتاشتى، دۇنيا جامائەتچىلىكى مەرىپەتپەرۋەر ئىنسانلار، ھەمدە تاشقى دۇنيادىكى ھۆر شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا شەرقى تۈركىستان خەلقى چۇقۇم ئۆز كۆرىشىنىڭ غەلبە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

زۇلۇم سالغۇچىلار چۇقۇم قىساس دارىغا ئېسىلىدۇ، ھەقىقى مۇجاھىدلار چۇقۇم غەلبە قىلىدۇ.

(ئەسەردىكى كۆز قاراش ئاپتورغا تەۋە)

## «ئىز» ئىككى

ـــ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرگە مۇشائىرە

ياش ئىدى ئەجدات سەپەردە قان تۆكۈپ قىلغاندا جەڭ،
ئاتقا مىنگەن نەۋرىلەرمۇ قالدى قىرىپ چارىسىز.
ئاز ئىدى قىلغاندا جەڭلەر ئەندى كارۋانلار قىنى؟
«ئىز » غا ۋارىس چىقمىدىكى، سازنى چالدۇق تارىسىز.

دەشتتە قالسا ئارسلانلار چۆل ـ باياۋانلاردا يەنە،
پۈتمىدى بىر قەۋرىمۇ ھەم بەك ئۆزۈلكەن سەۋرىمىز.
گۈل ـ چېچەكتىن سۆزغۇ يوق ، يۇلغۇنمۇ چۆلدە قالمىدى،
شۇنچە قىممەتسىز بولۇپ كەتكەيمۇ تارتقان جەۋرىمىز.

كۆرسۈتۈپ شۇ ئىزنى بىزگە كەتتى ئارماندا بوۋام،
تاۋلىنىپ بىز مۇشتنى تۈگدۇق، ھىچ ئىگىلمەس قەددىمىز.
بىرىلى شۇنداق قەسەم بۇ ئىز ئۆچۈن ھەقدا بولۇپ،
تاپمىساق بىزگە ئۆلۈم بۇ ئىزنى ئەمدى ھەممىمىز.

# شەرقى تۈركىستان ئىستىقلال مارشى

قوزغال ئويغان ئەي خەلقىم ، قۇللۇقنى تاشلا،
جەڭلەر بىلەن ھاياتنى يېڭىدىن باشلا.
زۇلمەتلەر ئاستىدا شەرقى تۈركىستان،
خەلقىمىزنىڭ كۆزىدىن ئاقتى قان ـ ياشلا.
قوزغال بىرلەش، قوزغال بىرلەش،
قوزغال، بىسمىللاھ ، ئاللاھۇ ئەكبەر!

قوزغال ، قۇتقاز، زۇلۇمدا ئىڭرىغان ئەلنى،
جانغا پاتتى بۇ زۇلۇم، كۆتمە ئەجەلنى.
گەرچە دۈشمەن ئەجدىھادەك بولسىمۇ سۈرلۈك،
پەقەت بىرلىك قۇتقۇزار ئەزىز ۋەتەننى.
قوزغال بىرلەش، قوزغال بىرلەش،
قوزغال، بىسمىللاھ ، ئاللاھۇ ئەكبەر!

قوزغال، ئاتلان، ئەي ئۇلۇغ ئوغۇز ئەۋلادى،
بىزگە مەدەتتۇر ھەرزامان كۆك بۆرە روھى،
شېھىتلەر ئارزۇسى تېنىمىزدە قان،
كار قىلالماس ھىچ قاچان دۈشمەنلەر قەستى.
قوزغال بىرلەش، قوزغال بىرلەش،
قوزغال، بىسمىللاھ ، ئاللاھۇ ئەكبەر!

قوزغال، قوزغال، ئەي ئۇلۇغ ئۇيغۇرۇم قوزغال!
ھۆرلۈك ئۈچۈن جەڭ قىلماق بىزدىكى ئارمان.
ئۈمۈت كۆتمە ھىچكىمدىن، ئۈمۈت ئۆزىمىز،
دىلىمىزدا ئىمان بار، ئاللاھدۇر دەرمان.
قوزغال بىرلەش، قوزغال بىرلەش،
قوزغال، بىسمىللاھ ، ئاللاھۇ ئەكبەر!

# كۆك بايراق مارشى



ۋەتەننىڭ بەلگىسى ئۇلۇغ كۆك بايراق،
مىللىتىم غۇرۇرى ئەزىز كۆك بايراق.
يۇلتۇزدۇر ھەقىقەت، نىشان بىزلەرگە،
ھىلال ئاي ـــ پەيغەمبەر روھى كۆك بايراق.

ئېپتىخار ـ غۇرۇرۇم ئۇلۇغ كۆك بايراق،
جېنىم سەن ، تېنىم سەن ئەزىز كۆك بايراق!

ئاللاھىم نامىدىن چۈشكەن كۆك بايراق،
شېھىتلەر قانىدىن پۈتكەن كۆك بايراق.
كۆك ئاسمان يىقىلماس بايراق يىقىلماس،
ئەجداتلار قولىدىن ئۆتكەن كۆك بايراق.

ئېپتىخار ـ غۇرۇرۇم ئۇلۇغ كۆك بايراق،
جېنىم سەن ، تېنىم سەن ئەزىز كۆك بايراق!

ھەمكارلىق ـ بىرلىكتە كىلەر كۆك بايراق،
ۋەتەننىڭ كۆكسىدە ياشار كۆك بايراق.
قان بىلەن يېزىلسا«بىرلىك»دىگەن سۆز،
تا ئەبەت مۇستەھكەم تۇرار كۆك بايراق.

ئېپتىخار ـ غۇرۇرۇم ئۇلۇغ كۆك بايراق،
جېنىم سەن ، تېنىم سەن ئەزىز كۆك بايراق!

# جەڭ مارشى

قولىمىزدا تاپانچا، دولىمىزدا ئاپتومات،
ئۇيغۇرۇم دەپ جەڭگە چىقتۇق، بىلىمىزدە گىرانات.

ئوغۇزخان ئەۋلادى بىز، جەڭدىن ھەرگىز يانمايمىز،
ئالغا! ئالغا ھۆرلۈك ئۈچۈن ئاتلاندۇق.

ئوغلانى بىز ئۇيغۇرنىڭ، نىشانىمىز ھۆر ۋەتەن،
ۋەتەننى دەپ جەڭگە چىقتۇق، ئاڭا تەقدىم جان ۋە تەن.

ئوغۇزخان ئەۋلادى بىز، جەڭدىن ھەرگىز يانمايمىز،
ئالغا! ئالغا ھۆرلۈك ئۈچۈن ئاتلاندۇق.

ياۋنىڭ ئوقى يامغۇردەك، ئۆلۈم بىزگە ئەرزىمەس،
ئىمان بىلەن جەڭگە چىقتۇق، غەلىبىسىز بىز ئەر ئەمەس.

ئوغۇزخان ئەۋلادى بىز، جەڭدىن ھەرگىز يانمايمىز،
ئالغا! ئالغا ھۆرلۈك ئۈچۈن ئاتلاندۇق.



# ئازاتلىق مارشى

ئازاتلىق دىمەك ــــ ئىنساندىن دېرەك،
هۆررىيەت دىمەك ــــ ئىسلامدىن دېرەك.
ياۋلار قولىدىن ۋەتەننى ئالماق،
ئاللاھ سۆزىدۇر ــــ قۇرئاندىن دېرەك.

ئەركەكلىك دىمەك ــــ جەڭگە كىر دىمەك،
جەڭ قىلمىغان ئەر ئەلگە نە كېرەك؟
ئازاتلىق ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ،
قانلار تۆكۈلسۇن، ياشارسۇن يۈرەك.

ۋەتەن سۆيمەكلىك ــــ ئىماندىن دېرەك،
سۆيگۈمىز يوقتۇر بۇنىڭدىن بۆلەك.
كۆك بايراقنى بىز تىكلەيلى ھامان،
يانساق ئارقىغا ئۆلۈمدىن دېرەك.



# ياشلار مارشى

يېتەر، يېتەر، ئۇيقۇڭ يېتەر،
ئەمدى سەنمۇ قەددىڭ كۆتەر.
سەنلا قالدىڭ بىر يىگانە،
خارلىنىپ ھايۋاندىن بەتتەر.

يېتەر، يېتەر، ئۇيقۇڭ يېتەر،
ھالىمىز بۇگۈن بەكمۇ خەتەر.
ئازاتلىق ئۈچۈن ئۆلمىگەن ئەر،
ئاخىرى ئىمانسىز كېتەر.

يېتەر، يېتەر ، ئۇيقۇڭ يېتەر،
بىزنى پەقەت جاھاتلا كۈتەر.
باش كېسىلسە مەيلى، چۈنكى
ۋەتەن سۆيگەن قانلار تۆكەر.

يېتەر، يېتەر، ئۇيقۇڭ يېتەر،
قۇرئانىمىز يول كۆرسىتەر.
ھەممىمىز تەڭ قوزغىلايلى،
ئەمدى كەتسە ۋەتەن كېتەر.

# مەھبۇسلار مارشى

ھەقىقەتنى سۆزلىگەچ ياۋ كۆزىگە قادالدۇق،
ئەل ـ ۋەتەننى سۆيگەنگە مەھبۇس بولۇپ ئاتالدۇق.

قاچان كەچ بوپ تاڭ ئاتتى بىلەلمەيمىز زادىلا،
مۆمكىن ئەمەس قىمىرلاش دىسەكچىلەر ياندىلا.

قىينا، ئۆلتەر، چېپىۋەت، قول ھاياتتىن تويغانبىز،
ئەركىنلىككە ـ ھۆرلۈككە جاننى ئاتاپ قويغانبىز.

بىزلەر پەقەت ئاللاھنىڭ يولىدامىز قۇلىبىز،
ئىمانىمىز گۇۋاھدۇر چوقۇم ئازات بولىمىز.

بىز گۇناھسىز بولساقمۇ باغرىمىزنى تىلسەن،
بىز ياتقان شۇ كامىرغا سەنمۇ بىر كۈن كىرسەن.



# بارىن باتۇرلىرى مارشى



ئوغۇزخان ئەۋلادى بىز، بۇ ۋەتەن دىيارىمىز،
دىلغا نۇر ئىمانىمىز، قورالدۇر قۇرئانىمىز.
ئاللاھ يولى بىزنىڭ يول، شېھىت ياكى غازى بىز.

مەيلى ئورمان مەيلى تاغ، قار ـ بوران يېپىنچىمىز،
ئاچ ـ يالىڭاچ قالساق مەيلى، ياۋغا ئوتتەك يانىمىز.
ئاللاھ يولى بىزنىڭ يول، شېھىت ياكى غازى بىز.

بىر مىسقال تۇپراق ئۈچۈن، ھەدىيەدۇر جانىمىز،
جاھات يولى بىزنىڭ يول، كېپىلدۇر ئىمانىمىز.
ئاللاھ يولى بىزنىڭ يول، شېھىت ياكى غازى بىز.

ئاللاھ دەپ ئۆلسەك شېھىت، قالساق ھامان غازى بىز،
ھۆر ھايات, تۇپراق ئۈچۈن، جەڭدە ئۆلسەك رازى بىز.
ئاللاھ يولى بىزنىڭ يول، شېھىت ياكى غازى بىز.

# ئىلى باتۇرلىرى مارشى





ئەركىنلىك، ئەركىنلىك بىزنىڭ غايىمىز،
جەڭنى بىز باشلىدۇق قانات يايىمىز.
قانچە ئۆر ، قانچە تۆت بەربىر ئوخشاش،
كۆنسېرى ئاشماقتا بىزنىڭ سانىمىز.

ئەركىنلىك،ئەركىنلىك بىزنىڭ غايىمىز،
ۋەتەننى بىز چوقۇم ئازات قىلىمىز.
بۇ تارىخ ھۆكمىدۇر ئۆچمەس ھەقىقەت،
يانمايمىز ئارقىغا قەسەم بېرىمىز.

ئەركىنلىك، ئەركىنلىك بىزنىڭ غايىمىز،
ئاللاھنىڭ يولىدۇر بىزنىڭ يولىمىز.
قۇل بولۇپ ياشاشتىن شېھىتلىك ئەۋزەل،
ئىماندىن سۇ ئىچىپ كۆچكە تولىمىز.





ئەركىنلىك، ئەركىنلىك بىزنىڭ غايىمىز،
بۇ ۋەتەن ئەزەلدىن بىزنىڭ جايىمىز.
مۇستەقىل ھۆر ھايات ياراتماق ئۈچۈن،
تەقدىمدۇر بېقارار بىزنىڭ جانىمىز.






# ھەممەن ھەزرەت
## (تۈركىيە)







رابىيە قادىر خانىمنىڭ 2005-يىلى 3-ئاينىڭ 17-كۈنى خىتاي تۈرمىسىدىن ئازات بولۇپ، ئەركىن دۇنيانىڭ قەلبى ھېسابلانغان ۋاشىنگتونغا ساق-سالامەت يېتىپ كېلىشى، مىللى ھاياتىنىڭ كېلىچىكى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تۇرغان، ئىنسان ھوقۇقى بىر ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۆز نەسلىنى داۋام ئەتتۈرۈش ھوقۇقى تەھدىتكە ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن 60 يىلدىن بۇيانقى تۈنجى بايرام كۈنى ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئەركىن دۇنيادىكى دېموكراتىيە ۋە ئىنسان ھوقۇقىنى قوغدىغۇچى تەشكىلاتلار، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ دىپلوماتىك غەيرەتلىرى بىلەن رابىيە قادىر خانىمنىڭ خۇددى غايىۋى مۆجىزىدەك خىتاي تۈرمىسىدىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن دۇنياغا كېلىشى، سۇغا تەشنا بولۇپ چاڭقاپ ياتقان تەكلىماكانغا ئوخشاش، ھۆرلۈك، ئەركىنلىككە بولغان تەشنالىق ئىچىدە چارىسىز قالغان مىليونلارچە ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن پۈتمەس-تۈگىمەس مەنىۋى ئوزۇق ئېلىپ كەلدى. يۈرەكلىرىدىن دەرت كەتمىگەن ،كۆزلىرىدىن ياش قۇرىمىغان ئۇيغۇر خەلقى رابىيە قادىرنىڭ ئازاتلىققا چىقىشى بىلەن ئىختىيارسىز كۆزلىرىدە بەخت نۇرى، يۈزلىرىدە شاتلىق تەبەسسۇمى پارلىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە دۇنيا خەۋەر يايىملىرى (گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزور...)دا رابىيە قادىر ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە ھەر خىل تىللاردا كەڭ-كۆلەمدە خەۋەر بېرىلدى. رابىيە قادىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا زور شۆھرەتكە ئېرىشكەن ۋە پۈتۈن خىتاي بويىچە تونۇلغان مەشھۇر شەخس. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، «بۆلگۈنچى»لىك جىنايىتى بىلەن ئەيىپلىنىپ،

خىتاي سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن 8 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن ۋە تۈرمىگە تاشلانغان بولسىمۇ ئەكسىچە، ئۇنىڭ شان-شۆھرىتى كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر شەخسكە ئايلاندى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھوقۇقى مەسىلىسىنى دۇنيا كۈن تەرتىپىگە ئېلىپ كېلىشتە ئەڭ مۇھىم رول ئوينىغان رابىيە قادىر ھەر خىل ئىدىيولوگىيە، ھەر خىل كۆزقاراشتىكى ئۇيغۇر مىللى ھەرىكىتىنىڭ ئورتاق مىللى سىمۋولى ھالىغا كېلىپ قېلىشىدىكى سەۋەب نېمە؟ بۇ بىر خىل تاسادىپىيلىقمۇ؟ رابىيە قادىر كىم ئىدى؟ ئۇ بۈگۈنكى نۇقتىلارغا قانداق كەلدى؟ ئەگەر بۇ ھەقتە توغرا مەلۇماتقا ئىگە بولساق رابىيە قادىر خېنىمنىڭ ئۇيغۇر مىللى ھەرىكىتىدىكى رولى، ئورنى، ئەھمىيىتى ھەققىدە توغرا چۈشەنچە ھاسىل قىلالايمىز.

70- يىللار ئۇيغۇرلار ئۈچۈنلا ئەمەس خىتايدىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەڭ پاجىئەلىك ھاياتىغا شاھىد بولغان يىللار ئىدى.

1969-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى مەلۇم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا «ۋەتەننى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇش» جىنايىتى بىلەن ئەيىپلىنىپ، 10 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان، ئالى مەكتەپنى يېڭى پۈتتۈرگەن بىر زىيالى ياش ياشايتى، ئۇنىڭ ھەر كۈنى كۆرىدىغىنى؛ ئېغىر جىسمانى ئەمگەك، تاياق-توقماق، تىل-ھاقارەت ۋە بۇ سەۋەپتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقان تۈرمىداشلىرى، ئۆلگەنلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋاتقان يېڭى مەھكۇملار، قان ھىدى، جەسەت ھىدى، ئۆلۈم تەشۋىشى ....ئىدى. ياش زىيالى يىگىتنى ئائىلىسىدىن ئارقا-ئارقىدىن كەلگەن شۇم خەۋەرلەر مۇسىبەتكە بوغماقتا ئىدى. ئۇ قولغا ئېلىنغان ۋاقىتتا ئايالى بىرىپىرىم ياشلىق قىزى

رىزۋانگۈل بىلەن قالغان ئىدى. ئۇ يەنە ھامىلە ئىدى. رىزۋانگۈل ئېلىدا پارتىلىغان شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىدا شېھىد بولغان مىللىي ئارمىيە ھەمشىرىسى رىزۋانگۈلنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇلار قىزىغا بۇ ئىسىمنى لايىق كۆرگەن ئىدى. ياش ئائىلە ھەر كۈنى«ئەكسىلئىنقىلابچى» ئېرىدىن چەك- چېگرا ئايرىش كۈرەشلىرىگە تارتىلماقتا ئىدى. ئۇ كۈرەش سەھنىسىدە قولىدىكى بوۋاقنى تۇۋەندىكى بىرىگە بېرىپ تۇراتتى. بىر كۈنى ئۇنى كۈرەشكە تارتقۇچى بىر توپ كىشى ئۆيىگە بېسىپ كىردى. بىر يېرىم ياشلىق رىزۋانگۈلنى ئانىنىڭ قولىدىن ئاجرىتىپ ئېلىپ كارۋاتقا تاشلاپ قويۇپ، ئانىنى كۈرەش مەيدانىغا ئېلىپ كەتتى. ياش ئانا ئەكسىلئىنقىلابچى ئېرىنى پاش قىلىش ئۈچۈن تۆت سائەت كۈرەشكە تارتىلدى. ئانا ئۆيىگە كەلگەندە بولسا كارۋاتتىن يەرگە يىقىلىپ چۈشكەن بىر يېرىم ياشلىق رىزۋانگۈل يەردە قان ئىچىدە ياتاتتى. قاتتىق يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپ پىشانىسى يېرىلىپ كېتىپ، كۆپ قان ئېقىپ كەتكەن ھوشسىز كىچىك قىز دوختۇرخانىغا ئاپىرىلغان بولسىمۇ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتتى. ئانىنىڭ قورسىقىدىكى بوۋاق تۇغۇلدى، ئەمما ياش ئانىغا قارىتىلغان ۋەتەننى پارچىلاشقا ئۇرۇنغان ئەكسىلئىنقىلابچى ئېرىدىن چەك-چېگرا ئاجرىتىش تېمىسىدىكى كۈرەش،تەنقىتلەر يەنىلا داۋاملاشماقتا ئىدى. ياش ئائىلە قۇچىقىدىكى بوۋاقنى ۋە ئۆزىنى قوغداپ قېلىش، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىقى خىزمىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جىنايەتچى ئېرىدىن ئاجراشتى، ئۇنىڭدىن چەك- چېگرانى تامامەن ئاجراتقانلىقىنى ئەمەلىي ھەركىتى بىلەن ئىسپاتلىدى.

جازا لاگېرىدىكى ياش يىگىتكە بۇ خەۋەر يېتىپ كەلگەندە قەلبىدە شىددەتلىك دېڭىز بورىنى گۈرۈلدىدى. ئۇ كامېردا قەيەردىكى شىرەدەك تامدىن -تامغا ئۆزىنى ئۇرۇپ ھۆكىردى، ئەمما ئۇ چارىسىز ئىدى. بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئائىلىنىڭ دوستى ، بۇرۇنمۇ داۋاملىق سىياسىي مەھبۇس ئاتالغان ۋەتەننىڭ ئەڭ قەدىردان ئوغلانلىرىنى يوقلاپ تۇرغان بىر خانىم قىز كەلدى، قىز بۇ ياش زىيالىي يىگىتكە تەسەللىي بەردى.

ئارىدىن يەنە يىللار ئۆتتى. ياش خانىم قىز تۈرمىداشلارنى يوقلاپ تۇرۇشنى ئۇنۇتمىدى. ئۇ بىر قېتىم ياش مەھبۇسنى يوقلاپ تۈرمىگە كەلگەندە ياش يىگىتكە يەنە بىر ئاچچىق خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ ناھايىتى تەسلىكتە:

-ئائىلىڭ- دىدى، ئەمما سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

- ئاڭلىدىم، ئەرگە تېگىپتۇ.

يىگىتنىڭ ئاۋازى تىترەيتتى. ئارىنى بىر پەس سۈكۈت باستى. خانىم قىز:

-مەن ساڭا مۇھەببەت ئېلان قىلغىلى كەلدىم. سېنىڭ مېنىڭ سۆيگۈمگە، مۇھەببىتىمگە ئېھتىياجىڭ بار.

يىگىت بۇ كۈتۈلمىگەن سۆزدىن گاڭگىراپ قالدى.

-مەن ئۈچۈن ساڭا ئوخشاش ئەر لازىم، سەن تۈرمىدىن چىققۇچە ساقلايمەن، سەن ماڭا ئەر، مەن ساڭا خوتۇن بولىمەن، ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە شۇنداق ياشايمىز.

يىگىت بۇ ئۇشتۇمتۇت دېيىلگەن سۆزلەرنىڭ تەسىرىدە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. يىگىتنىڭ بۇنداق جاۋابسىز قېلىشى خانىم قىزنى تەشۋىشلەندۈردى.

– مېنىڭ چىرايىمدا، تۇرۇق- سىياقىمدا، ئەخلاقىمدا ساڭا ئەرزىمەيدىغان يەر بارمۇ؟

-ياق .

-ئۇنداقتا نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسەن؟

يىگىتنىڭ ئاغزىغا پەقەتلا شۇ گەپ كەلدى:

-مەندە سىزگە تويلۇق ئالغۇدەك پۇل يوق،

خانىم قىزنىڭ يۈزىدە تەبەسسۇم پارلىدى.

-ماڭا ئالىدىغان تويلۇقۇڭ ۋەتەننىڭ ئازاتلىقى، ئازاتلىق ئۈچۈن بىرگە كۈرەش قىلىمىز.

خىتاي جازا لاگېرىدا ئەتىكى ھاياتىنىڭ قانداق بولىشىنى تەخمىن قىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم ھالدا ياشاۋاتقان «ۋەتەننى پارچىلاشقا ئۇرۇنغان ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر» سىدىقھاجى روزىغا بۇ سۆزنى ئېيتقان خانىم قىزنىڭ ئىسمى رابىيە قادىر ئىدى.

سىدىقھاجى روزى 1978- يىلى 6- ئايدا تۈرمىدىن ئازات بولۇپ چىققاندا تۈرمە دەرۋازىسى ئالدىدا كۈتۈۋالغان، تۈرمە كىيىملىرىنى يەشتۈرۈپ، يېڭى كىيىم- كېچەكلەرنى كەيدۈرۈپ غورۇر بىلەن ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتكەن رابىيە قادىر ئىدى. ئۇ بىر ياندا كىچىك باللار، بىر ياندا ئۆي ئىشلىرى، بىر ياندا سەرمايىسىزلىق قاتارلىق شۇنداق ئىمكانسىزلىق ئىچىدە ئىگىلىك تىكلەشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتتى. ئۇيغۇر خوتۇن – قىزلىرى ئۈچۈن ئىلھام مەنبەسى بولغان رابىيە قادىر ئىدى.

تۈرمىدىن يېڭى چىققان ئىشسىز يولدىشى سىدىقھاجى روزىنى غورۇر بىلەن بىشىنىڭ تاجىسى قىلغان، چاقىرىلغان مېھماندارچىلىق، توي- تۆكۈن ، نەزىر- چىراقلاردا ھەر قايسى ھۆكۈمەت قاتلاملىرىدا ئىشلەيدىغان سېمىز، كېلەڭسىز ئەربابلار تەرىپىدىن ئېرىنىڭ ئېتىبارسىز مۇئامىلىگە

ئۈچۈرىغانلىقىنى ھېس قىلغان چاغلاردا « كەل سىدىق، سەن تۆردە ئولتۇرشقا لايىق ئادەمسەن. سېنى تۆرمىگە سولاتقان، ئىشسىز قالدۇرغان سېنىڭ ۋىژدانىڭ . سەن مېنىڭ ھايات يولدۇشۇم ، مېنىڭ غورورۇم. سەن ئۆزىنى ئۇيغۇر ھېساپلىغان ھەممە كىشىنىڭ غورورى . سەن تۆردە ئولتۇر! دىگەن سۆزلىرى بىلەن «سۆلەتلىك ئەربابلار » نى سوغۇق تەرگە چۆمدۇرگەن رابىيە قادىر ئىدى.

ئۈرۈمچىدە جامائەت پۇل يىغىش قىلىپ مەسچىت —جامىي سېلىشقا تۇنجى تۇتۇش قىلغان چاغلاردا ھەممە كىشىدىن بۇرۇن پۇل ياردەم قىلغان، ئۈرۈمچى جامائىتىنى ئىبادەت يەرلىرىمىزنى قايتا قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ماددى ياردەمدە بولۇشقا، دىنىمىزغا ئىگە چىقىشقا رىغبەتلەندۇرگەن يەنىلا رابىيە قادىر ئىدى.

ئۈرۈمچىنىڭ بىيمىن مەيدانىغا «خىتاي ئازاتلىق ئارمىيىسى» نىڭ ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلغانلىق خاتىرە كۈنىگە ئاتاپ خىتاي ئەسكىرىنىڭ ھەيكىلىنى تىكلىگەندە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا «شەرقى تۈركىستان مىللى ئارمىيىسىنىڭ ئۈرۈمچىگە كىرىش كۈنىنى نىمىشكە خاتىرلىمەيدۇ؟»- دەپ غۇل-غۇلا باشلانغاندا« بىزمۇ نەنمىڭ مەيدانىغا مىللى ئارمىيە ئەسكىرىنىڭ خاتىرە ھەيكىلىنى تىكلەيلى ، ھەممە چىقىمىنى مەن ئۈستۈمگە ئالىمەن»- دەپ ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاتار، ئۆزبېك، تاجىك قاتارلىق يەرلىك خەلق زىيالىيلىرىنى ھاياجانلاندۇرغان، جاسارەتلەندۇرگەن رابىيە قادىر ئىدى.

بۇ تەكلىپ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتىتى تەرىپىدىن دەرھال ۋە قەتئى رەت قىلىنغاندىن كىيىن «ئۇنداقتا نەنمىڭ مەيدانىغا سادىر پالۋاننىڭ ھەيكىلىنى تىكلەيلى»- دەپ تەكلىپ بەرگەن يەنە رابىيە قادىر ئىدى. بۇ تەكلىپمۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەرىپىدىن رەت قىلىنغاندىن كىيىن بۇ مەيدانغا مەخمۇت قەشقىرىنىڭ 15 مېتىر ئېگىزلىكتە كۆركەم ھەيكىلىنى تىكلەش ئۈچۈن ھەممە چىقىمنى ئۈستىگە ئالغان، ئاپتونوم رايوننىڭ مىللى ئەمەلدارلىرى بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان زىيالىلارنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن، ئۆزىمۇ بۇپىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرۈشەلەيدىغان ھەممە ئەمەلدارلار بىلەن كۆرۈشكەن يەنىلا رابىيە قادىر ئىدى.

مىللەتنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ تەكلىپلەرگە ھېچقانداق ئىجابى جاۋاپ چىقمىغانىغا دوسلار ئارىسىدىكى بىر يىغىلىشتا«ھەممەڭلار مېنىڭ بۇ سۆزۈمگە شاھىد بولۇڭلار، مەن ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە بىر كۈنى نەنمىڭ مەيدانىغا ھېچ بولمىغاندا مەخمۇت قەشقىرىنىڭ ھەيكىلىنى تىكلەپ بولسىمۇ ئۆلۈپ كىتىمەن»- دەپ ئازاپلىق كۆز ياشلىرىنى تۆككەنمۇ رابىيە قادىر ئىدى.

شەرقى ۋە غەربى تۈركىستانىنىڭ ھەممە يېرىدە چەكلەپ قويۇلغان تۈركى خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى بولغان «نەۋرۇز »بايرىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەكلىپ بەرگەن «نورۇز كېچىلىكى»ئۆتكۈزىشكە ، بۇ مۇراسىمنى تېلېۋىزوردا كۆرسىتىشكە پۇل بەرگەن ، قىسقىغىنا بىر قانچە يىل ئىچىدە شەرقى تۈركىستانىنىڭ ھەممە يېرىگە 3-ئاينىڭ 21-كۈنىنى نورۇز بايرام كۈنى قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇشقا ئەڭ مۇھىم ھەسسە قوشقان كىشى يەنىلا رابىيە قادىر ئىدى.



ئەدەبىيات- سەنئەت، ئاخبارات ساھەسىدىكى زىيالىلار ئۆسمۈر بالىلارنىڭ بىلىمى، سەنئەت، تەنتەربىيە جەھەتلەردە ياخشى يېتىلىشى ئۈچۈن «غۇنچە مۇكاپاتى» كومىتىتى قۇرۇپ ، ھەرقايسى ئىلغارلارغا مۇكاپات بىرىش، ئۇلارنى تېلېۋىزور، رادىئو، گېزىت- جورناللاردا ئېلان قىلىپ ئىلھاملاندۇرۇش پىلانىنى تۈزەيدۇ، ئامما ئىقتىساد ى يوق ئىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەن ئۇ كومىتىت ئەزالىرىنى چاقىرىپ كىلىپ، بۇ ئىش ئۈچۈن كېرەكلىك پۇلنى بەرگەن، باشقا سانائەتچى، تىجارەتچىلەرنىمۇ بۇ ئىشنى قوللاشقا چاقىرىپ «غۇنچە مۇكاپاتى»نىڭ ئۈرۈمچىدىلا ئەمەس شەرقى تۈركىستانىنىڭ ھەممە يېرىدە تارقىلىشىغا تۈرتكە بولغۇچى رابىيە قادىر ئىدى.

ئۈرۈمچىنىڭ دۆڭ كۆرۈكتىكى كىچىككىنە كوچىسىغا سىغدىلىپ قالغان ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىگە تېخىمۇ كەڭ تىجارەت بازىرى يارىتىش ئۈچۈن سەنشىخاڭزىدا تاشلىنىپ قالغان بىر كوكتات سېتىش مەركىزىنى كىرالاپ، باشقىلارنىڭ «سەن بىر ئايال، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئۇيغۇر ئايال، سودا مەركىزى ئېچىش بىز ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئەتە-ئۆگۈن تامامەن ۋەيران بولۇپ كىتىسەن»دىگەن نەسىھەتلىرىگە

قارىماستىن كومىنىست تۈزۈم ئاستىدىكى شەرقى تۈركىستاندا شەخسلەرگە ئائىت تۇنجى سودا بازىرى بولغان «رابىيە قادىر»سودا سارىيىنى ئاچقان رابىيە قادىر ئىدى.

دۆڭكۆۋرۈك بازىرىدىكى بىر قىسىم ئىچى تار باي سودىگەرلەرنىڭ «بىر خوتۇن خەقنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ئۇ بازارغا كەتمەڭلار، ئۇ ئايال ئۆزىنىمۇ سىلەرنىمۇ ۋەيران قىلىدۇ»- دەپ توختىماي تەشۋىق قىلغان ئۇسەك گەپلىرى يېڭى بازاردىن دۇكان تۇتىدىغانلارنى مەلۇم مەزگىل دېلىغول قىلغان بولسىمۇ، بۇ سودا سارىيىنى ئۈرۈمچىدىكى ئەڭ كۆلۈك سودا مەركىزىگە، ئەڭ ئاۋات بازارغا ئايلاندۇرۇپ ئۇيغۇر ئاياللىرىغىلا ئەمەس بەلكى، بارلىق ئۇيغۇر كارخانىچىلىرىغا، سودا ئەرباپلىرىغا ئۈلگە ياراتقان رابىيە قادىر ئىدى.

تىجارەت ئۈچۈن خوتەندىن، قەشقەردىن، ئاقسۇدىن غۇلجىدىن، قۇمۇلدىن، تۇرپاندىن، ئالتايدىن، چۆچەكتىن خوتۇن- قىزلارنىڭ بېشىنى سىلاپ مال ئېستىگەنگە مال، دۇكان ئىزدىگەنگە دۇكان، قەرز ئىزدىگەنگە قەرز، ياردەم ئىزدىگەنگە ياردەم ، ئىش ئىزدىگەنلەرگە ئىش ياردەم قىلىشتا ۋە سەرمايىسى يوقلارنى سەرمايىلىق قىلىشتا ھەممىگە ئۈلگە بولغان رابىيە قادىر ئىدى.

ۋەتىنىنىڭ قانداق بىر يېرىدە يەر تەۋرەش ئاپىتى، كەلكۈن ئاپىتى، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى.... بولغاندا تۇنجى ياردەم قولىنى ئۇزاتقان رابىيە قادىر ئىدى.

ۋەتەن ئۈچۈن شېھىت بولغان ياكى تۈرمىدە يېتىۋاتقانلارنىڭ سەرسان بولۇپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ قالغان ئائىلىلىرىگە مەخپى ياردەم قىلىپ تۇرغان، ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ تۇرغان يەنىلا رابىيە قادىر ئىدى.

ھېيت- بايرام كۈنلىرى قېرى-چۆرە، يېتىم- يېسىرلارغا كىيىم- كېچەك، يېمەك-ئىچمەك تارقىتىپ بېرىپ تۇرغان ئەڭ ئاساسلىق بايلارنىڭ بىرى رابىيە قادىر ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركى دۆلەتلىرىدىن، تۈركىيەدىن، سەئۇدى ئەرەبىستاندىن، پاكىستاندىن، كەلگەن ئۇيغۇرلار ئەكەلگەن ماللىرىنى ساتالمىسا سېتىپ بەرگەن، دۇكان ئىزدىسە دۇكان بەرگەن، بوزەك قىلىشقا ئۇچرىسا ھىمايىسى ئاستىغا ئالغان رابىيە قادىر ئىدى.

ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ ئىش تاپالمىغان ھەتتا چەتئەللەردە ئۇنىۋېرسىتېت پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن كېلىپ خىزمەت تاپالمىغان مىللەتنىڭ ئەڭ قىممەتلىك زىيالىيلىرىغا ئىش بەرگەن، مۇئاش بەرگەن، باشقا ئۇيغۇر كارخانىچىلىرىنىمۇ شۇنداق قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان رابىيە قادىر ئىدى.

تارىخى كىتابلارنى ۋە ئەدەبى كىتابلارنى يازغان ئەمما سىياسى چەكلىمە تۈپەيلىدىن كىتابلىرىنى باستۇرالمىغان يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى باستۇرۇشنى ۋە تارقىتىشنى ماددى ئىمكان بىلەن تەمىنلىگەن رابىيە قادىر ئىدى.

90-يىللاردا مۇستەقىل بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە تىجارەت قىلغىلى چىقىپ پۇللىرىنى، ماللىرىنى تارتقۇزۇپ قويغان ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر يىغلاپ ھال ئېيتىپ كەلسە ئۆز ئىشىنى تاشلاپ تاشكەنت، ئالماتا، بىشكەكلەردە دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنىڭ پۇل- ماللىرىنى قولغا ئېلىپ بەرگۈچى يەنىلا رابىيە قادىر. سىياسى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋەتەندىن قېچىپ چىقىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا سەرسان بولۇپ يۈرگەن ياشلارغا ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ غەربتىكى ئەركىن دۆلەتلەرگە كېتىشگە ماددى ياردەم قىلىپ يولغا سېلىپ قويغان يەنە رابىيە قادىر ئىدى.

1995- يىلى يازدا تۈركىيەگە كەلگەندە ئىستانبۇلدىكى«شەرقى تۈركىستان ۋەقپى» دە بارلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە زىيارەت بېرىپ ھەممەيلەننى كىلەچەكىمىز ئۈچۈن يىغلاپ تۇرۇپ ئىتتىپاقلىققا چاقىرغان رابىيە قادىر ئىدى.

ئۈرۈمچىدە تىجارەتتىلا ئەمەس، بىناكارلىقتىمۇ كاتتا قۇرۇلۇشلارنى سېلىپ ئۇيغۇر سودىگەرلىرىگە سودىدىن باشقا ئىشلارغا كىرىشكە جاسارەت بەرگەن يەنە رابىيە قادىر ئىدى.

بىر ملليارت ئۈچ يۈز ملىيون نوپۇسلۇق خىتاي دۆلىتىدە بېيجىڭ ھۆكۈمىتى تەرپىدىن مەملىكەت بويىچە ئەڭ باي 10 نەپەر كىشىدىن بىرى دەپ ئېلان قىلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل -پاراستىنى، ئىشلەش ۋە باشقۇرۇش قابىلىيىتىنى دۇنياغا تونۇتقان رابىيە قادىر ئىدى.

ۋەتەندە خىتاي دۆلىتى ئىچىدە ئەڭ كۆپ پۇلغا ئىگە، ئەڭ ئالى ھوقۇقتا، ئەڭ يۇقۇرى مەرتىۋە، شان- شۆھرەتكە ئىگە تۇرۇغلۇق خەلقىنىڭ قاراڭغۇلۇقتا، مەھكۇم تەقدىرىگە ئېچىنىپ، بايلىقىنىڭ راھىتىنى سۈرمەي، مىللىتىنىڭ مۇسىبىتىگە كۆز يېشى تۆكۈۋاتقان بىر كاپىتال ئىگىسى بار ئىدى. ئۇ رابىيە قادىر ئىدى ،

1996.يىلى ئامېرىكىغا باردى. ئۇ يەردە شىركەت قۇردى. ئەمما يەنىلا ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. 1997 -يىلى 2-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 7-كۈنىگىچە غۇلجا شەھرىدە ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلگەن قەتلىئامدا يۈزلەرچە ياش يىگىت شېھىت بولدى، مىڭلارچىسى تۈرمىلەرگە قامالدى، پۈتكۈل

ئۇيغۇر دىيارى ماتەم ئىلكىدە ئىدى. ئۈرۈمچىدە ھەممە ئىمتىيازغا، يېتەرلىك بايلىق ۋە نام- ئابرويغا ئىگە 11 بالىنىڭ ئانىسى كېچە جىمجىتلىقىدا ئۇخلاۋاتقان بالىلىرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ سۈكۈت ئىچىدە ياش تۆكۈۋاتاتتى، ئۇ يىغلايتتى. چۈنكى، ئۆز بالىلىرىغا ئوخشاش گۇناھسىز بالىلارنى ئۆلۈمدىن قوغداپ قالالمىغانلىقىغا يىغلايتتى. مىللەتنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىگە ئېچىنىپ يىغلايتتى. شۇ كېچىسى ئۇ شۇنداق قارارغا كەلدى «بۇ قانلىق پاجىئەلەرنى قانداق قىلسام قىلىپ تاشقى دۇنياغا بىلدۈرۈشىم كېرەك»، ئۇ بىر ياقتىن ئۈرۈمچىگە غۇلجىدىن قېچىپ كەلگەن ياشلارغا ياردەم قىلسا، بىر ياندىن تۇتۇلغان، ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ كىملىكىنى ئىگەللەشكە، تىزىملىنى ھازىرلاشقا كىرىشتى. تىجارىتىنىڭ ، ئىقتىسادىنىڭ ، ئائىلى راھىتىنىڭ بۇزۇلىشىدىن، ھەتتا ھاياتىغا خەۋپ يېتىشىدىن، تەشۋىش قىلماستىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنسان ھوقۇقىنى ئاياق- ئاستى قىلغانلىقىغا ئائىت پاكىتلارنى ھەرخىل يوللار بىلەن تاشقى دۇنياغا يەتكۈزۈپ تۇرغان ئۇغۇل بالىنىڭ ئۇغۇل بالىسى يەنىلا رابىيە قادىر ئىدى.

« مىڭ ئانا شىركىتى» نى قۇرۇپ ئۇيغۇر ئانىلىرىنى ئىش ئىگىسى، پۇل ئىگىسى، ھوقۇق ئىگىسى قىلىش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك ئاممىۋى سەپەرۋە رلىك ئېلىپ بارغان يەنىلا رابىيە قادىر ئىدى.

ئۇيغۇر قىزلىرى خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئالداپ ئېلىپ كىتىلىپ مېھمانخانىلاردا، رېستورانلاردا، قاۋاقخانىلاردا پاھىشلىك قىلىشقا مەجبۇرلىنىش ھادىسىسى ئومۇملىشىۋاتقان مەزگىللەردە يولدىشى سىدىقھاجى روزى قاتارلىق يازغۇچىلارنى قەلەم تەۋرىتىشكە سەپەرۋەر قىلىپ، ئاتا- ئانىلارنى ئۆز ئەۋلاتلىرىغا ئىگە بولۇش، ئاتا- ئانىلىق ۋەزىپىسىنى، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش توغرىسىدا چاقىرىق قىلغۇچى، بۇ خاتا يولدىن قايتىشنى خالىغان ئەمما تۇرىدىغان ئۆي، قىلىدىغان ئىش يوق قىزلارغا ئۆي بەرگەن، ئىش بەرگەن يەنىلا رابىيە قادىر ئىدى.

ئۇيغۇر ياشلىرىنى قەستەن خىروينغا ئۆگىتىپ ئۇلارنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلىش كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇلىۋاتقان « ھەربىر ئائىلە بىر مەكتەپ ، ھەربىرى بىر مەدەنىيەت مەركىزى» دىگەن شۇئار بىلەن خىروين، ئەيدىز قاتارلىق ۋابا كېسەلدىن بالىلارنى ئىمكانىنىڭ يېتىشىچە قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تەشۋىقات ئېلىپ بارغان، ھەر ناھىيىدىكى جامائەتنىڭ دىققىتىنى بۇ خەتەرلىك ئەھۋالغا جەلپ قىلغانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىكى يەنە رابىيە قەدىر ئىدى.

1996-يىلى ئامېرىكىدىن قايتىپ كەلگەندىن كىيىنلا خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن پاسپورتى تارتىۋېلىنغان، جاسۇسلار سايىدەك ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈرگەن شارائىتتا خەلقىنىڭ مائارىپى، مەدەنىيىتى، سەنئىتى، ئىقتىسادى تەرەققىياتى، ئىنسان ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى توغرىسىدىكى پائالىيەتلەرنى دادىللىق بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ خەلقى تەرىپىدىن« قەھرىمان ئۇيغۇر ئانىسى»دىگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولغان رابىيە قادىر ئىدى.

1999-يىلى قولغا ئېلىندى. ئۈرۈمچىگە كەلگەن ئامېرىكا كونگرېس ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشىش ئۈچۈن كىتىۋاتاتتى. سومكىسىدا سىياسى جىنايەت بىلەن ئەيىپلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان، مۇددەتلىك ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلگەنلەر ھەققىدە « شىنجاڭ گېزىتى»، « شىنجاڭ قانۇن گېزىتى» قاتارلىق يەرلىك گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغان خەۋەرلەر بار ئىدى ۋە تۈرمىدە مەخپى ئۆلتۈرۈلگەن ياكى تۇتۇپ تۇرۇلىۋاتقان گۇناھسىز ياشلارنىڭ تىزىملىكى بار ئىدى. « دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكىنى چەتئەللىككە ئاشكارىلىغان» دىگەن گۇناھ بىلەن ئەيىپلىنىپ 8 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. ئائىلىسىگە بولغان سىياسى بېسىم كۈچەيدى، تىجارەت پائالىيەتلىرى ئېغىر چەكلىمىگە ئۇچرىدى، ئىقتىسادى زىيىنى ناھايىتى ئېغىر بولدى. ئائىلىسىنىڭ بىر قىسمى چەتئەلدە، بىر قىسمى ئۈرۈمچىدە ئەمما ھېچبىرسىدىن خەۋەر ئېلىش ئىمكانى يوق ئىدى. ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئىچىدە «ۋەتەنپەرۋە ر» كۆرۈنگەن كىشىلەر ئۇنىڭ ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىشاتتى. « بۇ ئايالنىڭ قانچە ئەۋلات يەتكۇدەك پۇلى بار، ھوقۇقى بار، يەتكۈچە نام- ئابرويى بار شۇندىق تۇرۇپ نېمىشقا ئۆزىنى ئوتقا ئاتتى ؟ » -دىيىشەتتى. بۇ سوئالنى ئۇنى سوراق قىلغانلار ئىچىدە مىللەتپەرۋەر كۆرىنىدىغان، تەجرىبىلىك بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ بىر ئۇيغۇر ئەمەلدارىمۇ سورىغان ئىدى .« ئوتتا كۆيىۋاتقانلار بەك كۆپ، راھەتتىن ۋاز كېچىپ كۆيىۋاتقانلارنىڭ ئازابىنى بىللە تارتىشاي دىگەن ئوخشايمەن»، بۇ جاۋاپنى بەرگەن ۋە بۇ ئازاپنى تارتىۋاتقان مىللىتىنىڭ قەھرىمانلىرى بىلەن تەقدىرداش بولغۇچى سىياسى مەھبۇس11 بالىنىڭ ئانىسى ، خىتايدىكى ئەڭ باي ئون كىشىنىڭ بىرى بولغان رابىيە قادىر ئىدى.

بىركۈنى يوقلاپ كەلگەن بالىلىرى بىلەن 5 مىنۇت كۆرۈشۈشكە رۇخسەت بېرىلدى. بالىلار ئانىسىنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلدى،كۆز يېشى قىلىشتى« جېنىم بالىلىرىم! يىغلىماڭلار، ئاڭلىسام ساقچىلار سىلەرنى خالىغان ۋاقىتتا سوراققا تارتىپ تۇرىدىكەن، بىزنىڭ تونۇش بىلىشلىرىمىز

سەلەرنى كۆرسە سالاملىشىشتىن قورقۇپ يىراقتىن ئۆتۈپ كېتىدىكەن، كۆڭلۈڭلار يېرىم بولمىسۇن باللىرىم، سىلەرنىڭ ئاناڭلار يامان ئىش قىلىپ تۈرمىگە كىرگىنى يوق، ھاياتىم بويىچە سىلەرنىڭ يۈزۈڭلارنى قىزارتىدىغان ھېچقانداق ئىش قىلمىدىم، باللىرىم. خەقنىڭ ئالدىدا بېشىڭلارنى تىك تۇتۇپ يۈرۈڭلار»، تۆمۈر پەنجىلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ يۈرىكىنىڭ پارىلىرى بولغان جانى- جان پەرزەنتلىرىگە بۇ سۆزنى قىلغان 11 بالىنىڭ ئەمەس بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمان ئانىسى رابىيە قادىر ئىدى.

ئايالالار كامىرىدا ئاغرىققا دۇرا، ئاچ قالغانغا نان بەرگەن، بوزەك قىلىنغاننى ھىمايىسىگە ئالغان ھەممە مەھبۇسلارغا شەپقەت كۆرسىتىپ ئۇمۇتلەرگە ئۈمىت بولغان ئانا يەنىلا رابىيە قادىر ئىدى.



2004-يىلى 11- ئاينىڭ 7-كۈنى نورۋىگىيەنىڭ بېرگېن دۆلەتلىك تىياتىرخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن 2004 يىللىق خەلقارا رافتو كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ۋەتەنپەرۋەر ئوت يۈرەك سەنئەتكار كۆرمىش كۆسەن ئىجاد قىلغان « رابىيە قادىر» دېگەن ئوتلۇق ناخشا تېلېۋىزور قاناللىرى، رادىئو دولقۇنلىرى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا تارقالدى. رابىيە قادىرنىڭ يولدىشى سىدىقھاجى روزى ۋە قىزى ئەقىدە روزى تېلېپون ئارقىلىق نەق مەيدانغا ئۇلاندى. رافتو كىشىلىك ھوقۇق فوندى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئارنى لىڭگارت ئەپەندى« رابىيە قادىر ئۇيغۇرلار ۋەزىيىتىنىڭ سىمۋولى» دەپ كۆرسەتتى. تارىختا تۇنجى قېتىم بىر ئۇيغۇر خەلقارالىق بىر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق ئۇيغۇرلار بايرام خۇشاللىقىغا چۆمدى، بۇ خوش خەۋەرنى ئىنتېرنېت. تېلېفون ئارقىلىق بىر- بىرىگە يەتكۈشكە ئالدىراشتى. مىللەت ئۆز ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىنى ئۇنتۇپ، مىللى بەختىيارلىققا چۆمگەن بۇ كۈندە قاراڭغۇ كامىر ئىچىدە روھى ۋە جىسمانى جەھەتتىن ئېغىر بېسىم ئاستىدا، تاشقى دۇنيادىن تامامەن خەۋەرسىز تۇرىۋاتقان بىرسىياسى مەھبۇس بار ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى، ھۇزۇر- ھالاۋىتىنى، مال-بايلىقىنى، يوقۇتۇش بەدىلىگە، ئۆز خەلقىگە تارىختا ئۇنتۇلماس بۇنداق بەختلىك مىنۇتلارنى ياشاتقان يەنىلا ئۇيغۇر مىللى ھەركىتىنىڭ سىمۋۇلى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى بايرىقى مەرتىۋىسىگە كەلگەن مۆھتەرەم رابىيە قادىر ئىدى ،

ئۇ، ئىنتېرنېتتىن ئاڭلىتىش بېرىۋاتقان «ھۆر ئۇيغۇر خەلقارا رادىيوسى» مۇخبىرىنىڭ «سىزنىڭ تۈرمە ھاياتىڭىزدا خوشال كۈنىڭىز بولدىمۇ؟» دېگەن سوئالىغا «تۈرمە ھاياتىمدىلا ئەمەس بەلكى، پۈتۈن ھاياتىمدا ئۇنتۇلمايدىغان خوشال كۈنۈم تۈرمىدە بولدى. بىر كۈنى ئوغلۇم كەلدى، راپتو خەلقارا كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكىمنى سۆزلىدى، ھاياجانىمدىن بىر كېچە ئۇخلىيالمىدىم. مەن ئازات بولىدىكەنمەن، خەلقىم ئازات بولىدىكەن دېگەن ئۈمىدكە تولدۇم»، دەپ ئۆزىنىڭ بەختىيارلىقىنى ئىپادىلىدى.

ئازات بولۇپ چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن ئۇيغۇر دىيارىدىكى مەزلۇم خەلقىنىڭ ئاھ- پەريادىنى دۇنياغا ئاڭلاتقان « مەن تۈرمىدىن ئازات بولۇپ چىقتىم ئەمما، سىياسى سەۋەپتىن 12-13 ياشلىق بالىلار، 80-90 ياشلاردىكى بوۋايلار، مومايلار تۈرمىلاردا قالدى، ئۇلارنىڭ ئىنسانى ھوقۇقى ئۈچۈن مەن كۈرەش قىلىمەن. ئەركىن دۇنيا بىز ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلسۇن »، دەپ دۇنياغا خىتاپ قىلغان ئۇيغۇر مىللى ھەركىتىنىڭ بايراقدارى، يولباشچىسى بولۇش يولىدا ئۆزىنى تامامەن ئىسپاتلىغان پىداكار خەلقارا جەمئىيەت ئەربابى رابىيە قادىر ئىدى.

ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك خەلقارا يىغىنلارغا قاتنىشىپ ۋە ئارقا- ئارقىدىن زىيارەتكە كەلگەن ھەرقايسى دۆلەتتىكى مۇخبىرلار ئارقىلىق شەرقى تۈركىستاندا ئېغىر زەرىبىگە ئۇچراۋاتقان ئىنسان ھوقۇقى مەسىلىسىگە دىققەت چېكىشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىماقتا. گەرچە خىتاي ساقچى ئەمەلدارلىرى ئۇنى مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا ئېلىپ كېلىپ، ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئالدىدا«سەن چەتئەلدە ھەرقانداق سىياسى پائالىيەتلەرگە ئارىلاشما، ئەگەر ئارىلىشىپ قالساڭ بىزنىڭ قولىمىزدا قالغان باللىرىڭ، شىركەتلىرىڭ ۋەيران بولۇدۇ»، دەپ تەھدىت سالغان ئىدى. دېگەندەك 2005- يىلى 5- ئاينىڭ 13-كۈنى 30دىن ئارتۇق خىتاي ساقچىسى رابىيە سودا سارىيىغا بېسىپ كىرىپ، ئىككى نەپەر شىركەت كادىرىنى تۇتۇپ كەتتى ۋە كۆپ مىقتاردا نەق پۇل، شىركەتكە ئائىت ھۆججەتلەرنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.3 كۈندىن كېيىن يەنە شىركەتكە باردى،

يەنە ئادەم تۇتۇپ ئائىلىسىگە تەھدىت قىلدى. بۇ ھەقتە مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بېرىپ «مېنىڭ ئوغۇللىرىم ، شىركەتلىرىم، مال-مۈلكلىرىم قىممەتلىك بولسىمۇ، ئەمما مىللىتىمدىن قىممەتلىك ئەمەس. مەن ئائىلىۋى مەنپەئەتىمنى دەپ ئۇيغۇرلارنىڭلا ئەمەس خىتايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىنسان ھوقۇقىنى قوغداش يولىدىكى كۆرەشلىرىمنى توختىتالمايمەن»، دەپ جاۋاپ بەرگەن قەھرىمان ئانا، پىداكار كارخانىچى رابىيە قادىر ئىدى.

تاشقى دۇنيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار جامائىتى، تەشكىلات رەھبەرلىرى رابىيە قادىرنى ئازاتلىققا ئېرىشكەنلىكىنى تەبرىكلىدى، تەن-تەنە قىلىشتى. يۇرتتاشلىرى ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللى مۇجادىلىرىنىڭ مەركىزىدە يەر ئېلىشنى ئۈمىد قىلىشتى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى ئەركىن ئالىپتېكىن 2005-يىلى 3-ئاينىڭ 21- كۈنى « ئۇيغۇر ئامېرىكان» ئىنتېرنېت تور بېتىدە رابىيە قادىرغا بېغىشلاپ ئېلان قىلغان باياناتىدا مۇنداق دەيدۇ«مەن، بولۇپمۇ چەتئەلدە ياشاۋاتقان شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مەۋجۇت تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ بۇ يېڭى ئېچىلغان يولدىن پايدىلىنىشلىرى ئۈچۈن ئۆز- ئارا ئىختىلاپلارنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىپ، بىر مۇش بولۇپ، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ دېموكراتىيە، ئىنسان ھوقۇقلىرى، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش ھوقۇقى شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ غورور ۋە ئىپپەت- شەرىپىنىڭ سىمۋولى بولغان رابىيە قادىر خانىمنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇشقا، ئۇنى بىر بايراق قىلىپ كۆتۈرۈشكە ۋە پۈتكۈل شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ لىدىرى دەپ تونۇشقا چاقىرىمەن». بۇ پىكىرگە ئەلبەتتە مەنمۇ چىن يۈرەكتىن قوشۇلىمەن ۋە قوللايمەن. مەن ۋەتەن سىرتىدىكى ئەڭ مۇھىم شەخسلەر بىلەن كۆرۈشتۈم. ھەممىسىنىڭ رابىيە قادىر ھەققىدىكى پىكرى ئوخشاش. مەن رابىيە قادىرغا تېلېفون قىلدىم ۋە شۇنداق دېدىم « ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى بىر سىياسى بايراق ئاستىغا توپلاش، ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقنى ھەم بىر پىكىر ئەتراپىدا بىرلىككە كەلىشنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن سىزنىڭ يولباشچىلىق قىلىشىڭىز تارىخنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالدى. چۈنكى پۈتكۈل دۇنيا مۇستەملىكە مەسىلىسىنى، مىللى تەڭسىزلىك مەسىلىسىنى، ئىنسان ھوقۇقى مەسىلىسىنى، دېموكراتىيە مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن قان ئارىلاشمىغان، قورال ئارىلاشمىغان كۆرەش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ پەلسەپە بىلەن ئەركىنلىككە ئېرىشىشنىڭ بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن جانلىق ئەمۇنىسى سىز بولدىڭىز. سىز يولباشچى بولۇڭ، بىز سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدا بىرلىشەيلى»،- دېدىم. رابىيە قادىر«پىكىرىڭىزگە ئەلبەتتە رەھمەت ئېيتىمەن، مەن بۈرۈنلا ئۆزىمنى مىللەتكە ئاتىۋەتكەن، ئەمما بەزى ئەندىشىلىرىم بار. مەن سىلەرگە ئوخشاش ئونىۋېرستېتنى پۈتتۈرگەن ئەمەس، ئېنگىلىزچە بىلمەيمەن، چەتئەلدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ، ئالىملار، دىنى ئالىملار، زىيالىلار، شىركەت ئىگىلىرى، تىجارەتچىلەر، بارلىق ئايالالارلا ئەمەس، بەلكى بارلىق ئۇيغۇر ئەرلىرى مېنى بىردەك قوللاپ- قۇۋۋەتلەمدۇ؟»،-دېدى. مەن ماقالەمنى ئۇ كۈنى رابىيە قادىرغا بەرگەن جاۋابىم بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئىستەيمەن.

«مۇھتەرەم رابىيە ھەدە ! مۇكەممەللىك بىرلا ئاللاھقا خاستۇر، سىزنى لىدىرىمىز بولۇڭ دېيىشىمىز سىزنىڭ ئىنقىلاۋى تارىخىڭىز ئۆلچىمىگە ئەڭ ئۇيغۇن، سىز ئونىۋېرستېت ئوقۇمىغان بولسىڭىز چەتئەلدە ئونىۋېرستېت ئوقۇغان يۈزلەرچە ئۇيغۇر زىيالىلىرى سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلىشقا تەييار. ئۇلارنىڭ بىلىمى سىزنىڭ بىلىمىڭىز، سىزنىڭ قابىلىيىتىڭىز خەلقىمىز ئىچىدە ئاللىبۇرۇن ئىسپاتلانغان. تىل بىلمەسلىكىڭىز سىزنىڭ قابىلىيىتىڭىزگە توسالغۇ بولالمايدۇ، تەرجىمان ھەر يەردە بار. چەتئەلدىكى تەشكىلاتلار سىزنى ئېھتىياج ئىچىدە سەممىمى بىر شەكىلدە قوللىشىنى ۋە قوغدىشىنى داۋام قىلدۇرالساقلا قىزغانغۇچىلارنى، بۆلۈنۈش چىقارغۇچىلارنى چەكلىيەلىسەكلا سىز ۋە بىز بىرلىكتە غەلبىگە ئىلگىرلەپ ماڭالايمىز. ۋەتەننىڭ يېزىلىرىدا، تاغلىرىدا، يايلاقلىرىدا، ئونىۋېرستېت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ياتاقلىرىدا«رابىيە قادىر» ناخشىسى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇپ ۋە شىمالىدا ئوقۇلۇپ ئومۇمى خورغا ئايلىنىدۇ. ۋەتەندە كەڭ كۆلەمدىكى دېموكراتىك خەلق ھەركىتى يېيىلىدۇ. ئۇ چاغدىكى پائالىيەت مەركىزىڭىز ۋەتەننىڭ ئىچىدە بولىدۇ. ۋەتەن زېمىنى ۋە ئۇ زېمىنغا بولغان مۇھەببىتى تۈپەيلى ئازاپ ئوقۇبەت چېكىپ ياشاۋاتقان خەلق سىز ئۈچۈن پۈتمەس- تۈگىمەس كۈچ دېمەكتۇر.»

(ئىسمەردىكى كۆز قاراش ئاپتورغا تەۋە)






ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيادىن خىلۋەت قالغان قەدىمىي دىيارى خوتەننىڭ قاراڭغۇ مەدرىسلىرىدە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ غۇۋا نۇر چۈشۈپ تۇرىدىغان



تۈڭلۈكلىرىدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتمۈش قەھرىمانلىرىنىڭ مۇساپىلىرىنى كۆرۈش بىلەن تەپەككۇر قايىنىمىغا چۆمۈپ، باتۇرلارنىڭ جەڭ ئارغىماقلىرىنى ئۆز ۋەتىنىدە قايتىدىن چاڭ چىقارغۇسى كەلگەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بۇنىڭدىن 60 يىل مۇقەددەم قېرىنداشلىرىغا قارىغاندا بالدۇرراق ئۆز ئانا تۇپرىقى — شەرقىي تۈركىستاننىڭ چوڭ شاھمات تاختىسى ئىكەنلىكىنى سېزىۋالغان ئىدى. ئۇ، مىللىتىنىڭ تەقدىرىنىڭ پاجىئەلىك بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەبلەر ھەققىدە يەنىلا بالدۇرراق چۈشەنچە ھاسىل قىلغان ئەرباپ بولۇش سۈپىتى بىلەن تەلەيسىزلىكلەرنى ئالدى بىلەن جۇغراپىيىۋى مۇھىتتىن كېلىپ چىقىدىغان جۇغراپىيىۋى سىياسەت بىلەن باغلاپ مۇنداق خۇلاسىلايدۇ: «شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۆت ئەتراپىنىڭ دۇنيانىڭ ئەڭ ئېگىز تاغلىرى بىلەن ۋە ئەڭ يامان چۆللىرى بىلەن ئورالغانلىقى ھەم ئېچىبىر تەرىپى دېڭىزغا يېقىن ئەمەسلىكى، قۇرۇقلۇقتىمۇ مەدەنىي مەملىكەتلەردىن بەك يىراقتا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ جۇغراپىيىلىك تەلەيسىزلىكى ۋە كۈچلۈك دۇشمەننىڭ ئاچ كۆز ۋە تاماخور ئاغزىغا بەك يېقىن بولغانلىقى يۇقۇرىقى كۆزقاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ»(1).

ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق ستراتېگىيىچىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنى يىمىرىپ تاشلاشنىڭ ستراتېگىيىلىك تەپەككۇر ئاساسىنى ياراتقۇچى ۋە كۈچەيتكۈچى زبىگنېۋ برژىنسكى ئۆزىنىڭ «چوڭ شاھمات تاختىسى» ناملىق مەشھۇر كىتابىدىكى دۇنياۋى ستراتېگىيىلىك مەنپەئەتلەرنىڭ توقۇنۇش نۇقتىلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان توچكىلار قاتارىدا ئۇيغۇر دىيارىنىمۇ تىزغان يەنى ئۇ ئۇيغۇر تۇپراقلىرىنىڭ چوڭ ئويۇنلار ئوينىلىدىغان شاھمات تاختىسىدىكى ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئىدى(2).

1. قەشقەرىيەنىڭ يىقىلىشى-پاجىئەنىڭ باشلىنىشى

ئۇيغۇر دىيارى 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئىسمى-جىسمىغا لايىق چوڭ شاھمات تاختىسى بولغان. چۈنكى، ئۇنىڭ جەنۇبىي قوشنىلىرى ئۇلۇغ بىرىتانىيەنىڭ خەرىتىلىرىگە كىرگەن بولسا، غەربىي ۋە شىمالىي تەرەپلىرىدە چار روسىيەنىڭ كازاك سولداتلىرىنىڭ ئارغىماقلىرى كىشنەپ، روس مۇژىكلىرى ئېلى ۋادىلىرىغا قەدەم قويغان ئىدى. بۇلاردىن ئىلگىرىرەك مەزكۇر زېمىنگە يېتىپ كەلگەن مانجۇر خاندانلىقى شەرقىنىڭ كېسەل كۆرپىسى سۈپىتىدە مەزكۇر چوڭ ئويۇنغا ئىشتىراك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا پاسسىپ رول ئوينىدى. گەرچە، ئوسمانلى ئېمپېرىيىسى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىشىپ، بۇرۇنقى جەڭگىۋارلىقى ۋە سەلتەنىتىنى يوقىتىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولۇشىغا قارىماي، يەنىلا مەزكۇر چوڭ ئويۇندىن ئۆز نىسۋىسىنى ئالدى. ئۆز قېرىنداشلىرى ھېساپلانغان ئۇيغۇرلار بىلەن بىۋاستە چېگرىلىنىشتىن مەھرۇم قالغان ۋە ياكى بۇنىڭغا ئىنتىلمىگەن ئوسمانلى ئېمپېراتورلىرى ياقۇپ بەگ بىلەن يۇشۇرۇن مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىپ، رەقىبلىرى بىرىتانىيە بىلەن چار روسىيەنىڭ غەزىپىنى قوزغاشتىن ئېھتىيات قىلىشىدىن قەتئىي نەزەر ئۆزلىرىدىن ئۈمىد كۈتكەن ۋە

ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئۆزلىرىگە يۈكلىگەن قەشقەرىيە دۆلىتىنى يەنىلا ھامىيلىق ئاستىغا ئالدى. ياقۇپ بەگ دادىللىق بىلەن ئۆزىنى ئابدۇلئەزىزگە تەۋە دەپ ئېلان قىلىش بىلەن ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ پۇل قۇيدى.

گەرچە، بۇ جايدىكى مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قوزغۇلاڭلىرىنىڭ زەربىلىرى ئاستىدا گۇمران بولسىمۇ لېكىن روسىيە، بېرىتانىيە دېپلوماتىك ئويۇنلىرى ئوسمانلىلارنى بىر چەتكە قايرىۋېتىپ، «خۇددى ساگىمۇ يوق، ماگىمۇ يوق» دېگەندەك ئاخىرقى ھېساپتا بۇ تۇپراقلارغا مەنچىڭ ئەسكەرلىرىنى قايتىدىن باشلاپ كەلدى. بەلكى، ئاسىيانىڭ خىستىلەنگەن مەزكۇر يۈرىكى- شەرقى تۈركىستاندا يېقىنقى ئەسىرلەردە ئېچىنىشلىق ساۋاتسىز ياقۇپ بەگدەك ماھىرلىق بىلەن دېپلوماتىك ئويۇن ئويناپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. سۈلھىگە ماھىر بەدۆلەت ئۆزىنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتىدىن چىقىش قىلىپ، ئۇلۇغ بېرىتانىيە، چار روسىيە ئوسمانلى ۋە مەنچىڭ ئېمپېرىيەلىرى بىلەن بىر مەيدان دېپلوماتىك سېھىرگەرلىك ئويۇنى ئويناپ باقتى. ئۇ، بىر تەرەپتىن ئۆز ئەلچىلىرىنى سانكتپېتېربۇرگقا ماگدۇرۇپ، روس ئېمپېراتورى بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇشقا رازىلىق بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئېنگلىزلارغىمۇ ئوخشاش خىلدىكى ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ ئۇلار بىلەن سودا كېلىشىمى تۈزۈش يولى بىلەن غەيرى ۋە رەسمى مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئېنگلىز، روس رازۋېتچىكلىرى قەشقەرنىڭ تار كوچىلىرىدا بىر- بىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئويىنلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. بەدۆلەت يەنە مەنچىڭ بىلەنمۇ ئۇرۇشقاندىن كۆرە سۈلھى تۈزۈپ ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى چەكلىمەكچى بولۇپ، ئادەملىرىنى ئەۋەتتى.

چوڭ ئويۇننىڭ ئىشتىراكچىلىرى ئىچىدە بېرىتانىيە بىرئاز ئادىلراق يول تۇتقان بولۇپ، ئۇ پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرى بىلەن قەشقەرىيەنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىپ، سانكتپېتېربۇرگقا قەشقەرىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى بىرلىكتە تونۇش ھەققىدە تەكلىپ قويدى. لېكىن، بۇ تەكلىپ رەت قىلىندى. ئاخىرقى قېتىم 1877-يىلى زوزوڭتاڭ ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلىپ، داۋانچىڭدىن ئۆتكەندە لوندون يەنە بىر قېتىم قەشقەرىيەنى چار روسىيە، بېرىتانىيە ۋە مەنچىڭ ئارىسىدىكى بىتەرەپ دۆلەت سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىش ھەققىدە سانكتپېتېربۇرگقا قايتا تەكلىپ بىرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇمۇ قەتئى رەت قىلىندى(3). ئەسلىدە 1865- يىلى مەنچىڭ ئېمپىرىيىسى روسىيە ھۆكۈمىتىدىن ئېلى ۋە يەتتە شەھەردىكى قوزغۇلاڭلارنى باستۇرۇشتا ياردەملىشىشنى سورىغان بولۇپ، روسىيە ھۆكۈمىتى دەسلىۋىدە بۇنىڭغا قولاق سالمىغان. ئەمما، كېيىن قەشقەرىيە خانى ياقۇپ بەگنىڭ روسىيە ئۈچۈن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆز چېگرىسى يېنىدا بۇنداق دۈشمەنلىك خارەكتىرىدىكى بىر مۇسۇلمان ھۆكۈمرانىنىڭ بولۇشىنى خالىمىدى ۋە ئاخىرىدا روسىيە قوشۇنلىرى ئېلى ۋە ئۇنىڭ مەركىزى غولجىنى ئىشغال قىلدى(4). ئېنگلىزلارنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق تەكلىپلىرى چارپادىشاھ تەرىپىدىن رەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئېنگلىزلار ئاخىرى ئامالسىز قېلىپ، زوزوڭتاڭنى قورال بىلەن تەمىنلەپ، ئۇنى قەشقەرىيەگە قويۇۋەتتى.

بۇ يەردە روسلار نىمە ئۈچۈن لوندوننىڭ تەكلىپنى رەت قىلىدۇ؟

1 – سەۋەپ: بۇچاغدا رۇس ستراتېگىيىچىلىرى ئارىسىدا «ئوتتۇرا ئاسىيا پەقەت رۇسلارغىلا تەۋە بولۇش كېرەك، ئەگەر مۇستەقىل قەشقەرىيە شەكىللەنسە، بۇ «كۆن پاتماس ئېمپىرىيە»نىڭ كاسپى بويىغىچە كېڭىيىپ روسىيەنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاۋكازىيەدىن سىقىپ چىقىرىشى، مۇستەقىل قەشقەرىيە بېرىتانىيەنىڭ يىراق ئاسىيا ستراتېگىيىسى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىشى ۋە ياكى ئىشلىتىلىشى مۇمكىن» دېگەندەك نوقتىنەزەر ئۈستۈنلىكنى ئىگىلىگەن بولۇپ، مانا بۇ مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ئىدى.



2- سەۋەب: ئىقتىسادىي نوقتىغا قارىتىلغان بولۇپ، 19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ، چار روسىيە ئۆزىنىڭ شەرق ستراتېگىيىسىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، شەرقتىكى ئاجىز ۋە قالاق مەملىكەتلەرنى سودا ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن مونوپول قىلىشقا ئۇرۇندى. بىراق، بۇ ۋاقىتلاردا مەنچىڭ ئىمپېرىيەسىدە يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقلار، بولۇپمۇ شەرقى تۈركىستاندا كۆتۈرۈلگەن كەڭ كۆلەملىك قوزغۇلاڭلار تۈپەيلىدىن سانكتپېتېربورگ ئۆزىنىڭ بۇ جايلاردىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلدى. يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان رۇسىيە سانائەت بۇرژۇئازىيىسى روسىيە ھۆكۈمىتىدىن مەنچىڭ بىلەن بولغان سودىنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلدى(5). بۇرۇندىنلا مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى سودا كېلىشىملىرى ئارقىلىق قىيناپ كەلگەن روسىيە بۇ قېتىم ئۇيغۇرلارنىڭ قوزغۇلاڭلىرىنى باستۇرۇپ بېرىپ، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى رازى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇنىڭدىن زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش ھەمدە

مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى روسىيەگە زور سودا ئىمتىيازىنى بېرىشكە قىستاش سىياسىتىنى بەلگىلىدى. ئەنە شۇنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە 1879- يىلى تۈزۈلگەن لىۋادىن شەرتنامىسىدە ئىلىنى قايتۇرۇش بەدىلىگە مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى 5مىليون رۇبلى تۆلەم تۆلەشكە ماقۇل كەلتۈرگەن بولسا، 1881-يىلى بۇ شەرتنامە رەسمىي ئىمزالانغاندا تۆلەمنىڭ باھاسى ئۈستۈرۈلۈپ 9مىليون رۇبلىغا بېكىتىلگەن . بۇنىڭدىن باشقا يەنە روسىيە سودىگەرلىرى موڭغۇلىيە ۋە مانجۇرىيەدە باج تۆلىمەي سودا قىلىش ئىمتىيازىغا ئېرىشكەن(6). مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى روسىيىنىڭ قەشقەرىيە دۆلىتىنى ۋە ئىلى سۇلتانلىقىنى يوقۇتۇشتا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ھەرقانداق ئىقتىسادىي بەدەل تۆلەشكە رازى بولغان.

3-سەۋەپ؛ ياقۇپ بەگنىڭ تاكتىكىدىكى ئاجىزلىقى ۋە ئېھتىياتسىزلىقى بولۇپ، ئۇ سانكتپېتېربورگقا ئۆز ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپ چار پادىشاھ بىلەن ئىتتىپاقلىق ئورنىتىش ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن سودا ۋە چېگرا كېلىشىملىرىنى تۈزۈشنى يۈۋاشلىق بىلەن تەكلىپ قىلىۋاتقان ۋاقىتدا، ئۇنىڭ قوقان خانى خۇدايار خانغا يازغان خېتى يەنى قوقان بىلەن قەشقەرىيەنىڭ بىرلىشىپ، چار روسىيەنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن قوغلاپ چىقىرىش ھەققىدىكى مەخپىي مەكتۇبى تۈركىستان گۇبېرناتورى كوفماننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەن گېنېرال كوفمان چار پادىشاھنى ياقۇپ بەگكە ئىشەنمەسلىككە دەۋەت قىلدى. نەتىجىدە، رۇسلارنىڭ قەشقەرىيەنى يوقۇتۇش ۋە ياكى مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە ساقلاپ قالماسلىق پىكرى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەرىيەگە مەخسۇس تەكشۈرۈشكە كەلگەن روسىيە خانلىق جۇغراپىيە جەمئىيىتىنىڭ جاسۇسلىرى ۋە تاشكەنت سودىگەرلەر جەمئىيىتىنىڭ ئاتالمىش سودىگەرلىرى ئاق پادىشاھنى قەشقەرىيە ھەققىدىكى قورقۇنۇشلۇق ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىدى. ياقۇپ بەگنىڭ تۇپ مۇددىئاسىنىڭ روسىيەنىڭ تەسىر كۈچىنى قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيادىن سىقىپ چىقىرىش ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئاساسىي نوقتا ياقۇپ بەگنىڭ تەرجىمانلىق سالاھىتىگە ئېرىشۋالغان كاۋكاز مۇسۇلمانلىرىدىن زامان بەگ (بەلكى تاتارلاردىن بولۇشى مۇمكىن؟-ئاپتور) ئارقىلىق روسىيە تەرەپكە يەتكۈزۈلۈپ تۇرغانلىق ئېھتىماللىقى تاتار ئالىمى قۇربان ئېلى خالىدىنىڭ مەلۇماتلىرىدا كۆرىلىدۇ. قۇربان خالىدىنىڭ زامان بەگ ھەققىدە بايان قىلىشچە، ياقۇپ بەگ ئۆلگەندىن كېيىن زامان بەگ تۈركىستان گۇبېرناتورى كوفمان تەرىپىدىن ئۆز يېنىدا قالدۇرىلىدۇ ھەمدە ئۇ«زامان بەگ بىزنىڭ ئادىمىمىز ئىدى» دەيدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇنى كابۇلغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يۇقۇرى ھوقۇق بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ. بىراق، كوفمان ئۆلگەندىن كېيىن، زامان بەگ قۇرۇق قول قالىدۇ. ئەمما، يېڭى تۈركىستان گۇبېرناتورى ئۇنى ئالماتانىڭ گۇبېرناتورى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. كېيىن ئۇ يەنە تۈركىستان گۇبېرناتورى تەرىپىدىن بۇخارا ئەمىرلىكىگە ئەۋەتىلىپ ئەمىرنىڭ يېنىدا تۇرۇدۇ(7). قۇربان خالىدىنىڭ ئەسرىدە پاش بولغان مەزكۇر سىرلاردىن زامان بەگ ئىسىملىك كىشىنىڭ ياقۇب بەگنىڭ بىر مەھەل روسىيە، بېرىتانىيە، ئوسمانلى ۋە مەنچىڭ ئىمپېرىيەلىرى ئارىسىدا ئېلىپ بارغان دېپلوماتىيىلىك ھەركەتلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇش ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تەرىپىدىن «يېرىم پادىشاھ» دەپ ئاتالغان تۈركىستان ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى كوفماننىڭ مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرغان ئادىمى ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىش مۇمكىن .(گەرچە قولىمىزدا باشقا دەلىللەر يېتەرلىك بولمىسىمۇ)

نەتىجىدە، ئەينى ۋاقىتتا قەشقەرگە كەلگەن يۇقۇرى دەرىجىلىك رۇس ئەلچىسى ۋە رازۋېتچىكى ئا. ن. كروپاتكىننىڭ باھاسى بۇيىچە ئالغاندا ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى قۇدرەتلىك زامانىۋى ئارمىيە كۈچىگە ئىگە (40مىڭ ياكى 80مىڭ كىشىلىك قوشۇن ھەققىدە تۈرلۈك مەلۇماتلار بار-ئاپتور) قەشقەرىيە دۆلىتى دېپلوماتىيىلىك ئويۇنلارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ قەشقەرىيەنى ئىشغال قىلىشقا ئىشەنچىسى يەتمەي ۋەزىيەتنى كۈزىتىپ، پۇرسەت كۈتۈپ ياتقان زوزوڭتاڭغا ئاسانلىق يارىتىپ بەردى. كىم بىلىدۇ؟ بەلكى ياقۇب بەگ دۈشمەن بىلەن سۈلھە يولىنى تۇتماي، پاسسىپ مۇداپىيەدىن ئاكتىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش تاكتىكىسىنى قوللانغان بولسا، مەنچىڭ ئەسكەرلىرىنى شىڭشىڭشادىن كىرگۈزۈۋەتكەن بولار ئىدى. بەلكى، خائىنلار ئۇنى ئۆلتۈرمىگەن بولسا، قەشقەرىيەنىڭ تەقدىرى باشقىچە بولار ئىدى؟

قەشقەرىيە ۋە ياكى يەتتە شەھەر دۆلىتىنىڭ 14يىللىق قىسقا ئۆمرى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىكى خائىنلىق بىلەن ساداقەتمەنلىكنىڭ توقۇنۇش نوقتىسى بولۇپ، مەنسەپپەرەس، ھەسەتخور ئۇيغۇر بەگلىرى زوزوڭتاڭنى قەشقەرىيەنىڭ ئاجىزلىقلىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارغا ئىگە قىلىپلا قالماستىن بەلكى، ئۇنىڭغا ماسلىشىپ ياقۇپ بەگنى زەھەرلىدى شۇنىڭدەك زوزوڭتاڭ قوشۇنلىرىنى يەتتە شەھەرگە باشلاپ كىرىپ، سانسىزلىغان ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قانلىرىنىڭ ئېقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش تارىخىغا نەزەر سالغاندا ئۇلارنىڭ تەلەيسىزلىكلىرى ۋە پاجىئەلىرىگە ئۆزلىرى سەۋەب بولغاندەك كۆرۈنىدۇ. چۈنكى، بۇ خەلقتە قەھرىمانلارنىڭ سانى قانچە كۆپ بولسا پۇرسەتپەرەس ۋە مەنسەپپەرەس خائىنلارمۇ شۇنچە كۆپ ئىدى. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبىنى شەخسىي ئاداۋەت، مەنپەئەتپەرەسلىك، مەنمەنچىلىك ۋە ھەسەتخورلۇق قاتارلىق ئىللەتلەرگە باغلاش مۇمكىن. شەخسىي ئاداۋەت ۋە شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلىگەن ئادەملەر ھەمىشە ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشلاردا ئۈچىنچى بىر دۈشمەننىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، مىللەتداش رەقىبىگە زەربە بېرىشكە ئادەتلەنگەن. بۇ ئادەملەر دائىم دىگۈدەك ئۆز خەلقى ئارىسىدىكى قارشىلىقلارنى دۈشمەننىڭ كۈچى بىلەن يوق قىلىشقا ئۈگەنگەن. مىسال كەلتۈرۈش توغرا كەلسە، ئۇيغۇر تارىخىدىن بۇنىڭغا تالاي پاكىتلارنى تېپىش مۇمكىن.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىدىكى ئاجىزلىقلار دائىم ئۇنىڭ رەقىبلىرى تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلىپ، مىللەتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەرنىڭ چۈشۈشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان ئىدى. ئومۇمەن 1877- يىلى قەشقەرىيەنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئۈمىد قىلغان رۇسلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئىشقا سېلىپ، زوزوڭتاڭنىڭ ئاچارچىلىق گىرداۋىغا بېرىپ قالغان چېرىكلىرىگە ئاشلىق ۋە يەم -خەشەك يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن مەنچىڭ قوشۇنىغا جان كىرگەنلىكى سىر بولمىسا كېرەك؟ مېنىڭچە قەشقەرىيەنىڭ ۋەيران بولىشىدا تۆۋەندىكىدەك 5 ئاساسىي ئامىل مۇھىم رول ئوينىغان بولۇشى مومكىن.

1- سەۋەپ: ئۆز ئىچىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق، ناچار ئىللەتلەر، مەنمەنچىلىك، ھەسەتخورلۇق ۋە ھاكىملارنىڭ مۇستەبىتلىكى ھەم باشقا شەخسىيەتچىلىكلەر. ئەلۋەتتە مۇنداق ئىللەتلەر ھەممە ئىنسانلارغا ئورتاق بولسىمۇ، لىكىن كۆپىنچە ئەركىن مىللەتلەر تاشقىي دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتا ئۆز ئىچىدىكى زىددىيەتلەر ۋە مىللەت ئىستىقبالىغا زىيانلىق ھەرقانداق خاھىش ۋە ئىللەتلەرگە كەسكىن چەك قويۇلغان ئىدى. بىراق، ئۇيغۇرلارنىڭ سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ دىنىي مەزھەپلەرنىڭ تەپرىقىچىلىقلىرى بىلەن شەكىللەنگەن ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلار كۈرىشى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىڭگىز ئىستىلاسىدىن كېيىن شەكىللەنگەن كەڭ كۆلەملىك ئېتنىك جەھەتتىكى ئارىلىشىشلار نەتىجىسىدە پەيدا بولغان مىللىي پسىخىكىلىق ئۆزگىرىشلەرگە قوشۇلۇپ، بۇ رايوندىكى ئۇيغۇر-تۈركىي .ئېتنىك تەركىبىنىڭ مىللىي خاراكتېرىگە سەلبىي تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھون ئىمپېراتورلۇقى، ئۇيغۇر ئورخۇن ئىمپېرىيەسى ۋە قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇلتۇراق ۋە كۆچمەن ئۇيغۇر-تۈركىي خەلقلىرىگە ئورتاق بولغان ئۇيۇشقاق ۋە مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىدىغان ھەمدە ئۇرۇق-قەبىلە ۋە دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ سۆزىگە شەرتسىز بويسۇنىدىغان جەڭگىۋار مىللىي خاراكتېر سۇسلىششقا قاراپ يۈزلەنگەن ئىدى. ئۇيغۇرلارغا بالايى-ئاپەت ئېلىپ كەلگەن ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلار كۈرىشىدىن، ئالدى بىلەن جوڭغارلار پايدىلانغان بولسا، ئارقىدىن مەنچىڭ ئىشغالىيەتچىلىرى ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، قەشقەرىيەنى كونتۇروللۇق ئاستىغا ئالغان ئىدى. دىمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىي نىزالىرى ۋە يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىللەتلىرى ھېچقاچان بۇ يەردە ھۆكۈمرانلىق ئورناتقان ھەرقانداق ھاكىمىيەت تەرىپىدىن چەكلەنگەن ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كۈچەيتىلگەن خالاس!

2- سەۋەپ: ئەنجانلىقلار(غەربىي تۈركىستانلىقلار) بىلەن قەشقەرلىكلەر ئارىسىدىكى ئىشەنچسىزلىكلەر. ياقۇپ بەگ ئاساسلىق ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇقلارنى ئۆز ئادەملىرىگە ۋە غەربىي تۈركىستانلىقلارغا بېرىپ، يەرلىكلەردىن پەقەت نىيازبەگ، ھوشۇربەگ قاتارلىق بىرقانچىلا ئۆزىگە شەرتسىز بويسۇنغان ئادەملەرگىلا مەلۇم ئىمتىياز بەردى. ئەمما، ئىچكى جەھەتتىن ئىتتىپاقلىشالمىغان ۋە چىقىشالمىغان بولسىمۇ، بىراق چەتتىن كەلگەن دۈشمەنگە قارشى بىرلىشەلەيدىغان، مۇستەقىللىقنى قوغداپ قېلىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدىغان جاسارەتلىك باشقا پۈتۈن مىللى ئىنقىلاپچىلارنى قاتتىق باستۇرۇپ يوقاتتى(8). كۇچار قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشچىسى راشىدىن غوجا، ئىسھاقخان شۇنىڭدەك خوتەن ۋە يەركەنت قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئەنە شۇلارنىڭ مىسالىدۇر.

3 - سەۋەپ: تاشقى جەھەتتە چوڭ ئىمپېرىيەلەرنىڭ مەنپەئەت توقۇنۇشى. بۇ مەسىلە ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بىز بۇ ھەقتە داۋاملىق شەرھىلەيمىز.

4- سەۋەپ: ياقۇپ بەگنىڭ ئىچكى- تاشقى تاكتىكىسى ۋە دۆلەتنىڭ ئىچكى سىياسىتىدىكى يېتەرسىزلىكلەر. ياقۇپ بەگ ھەربىي ئىشلار جەھەتتە غەرب قوراللىرىنىڭ قۇدرىتىگە ئىشەنگەن ھەمدە ئاز- تولا بولسىمۇ غەرب ئۇسلۇبىدا(بەلكى تۈرك ۋە ئافغان ئۇسلۇبىدا» ھەربىي تەلىم- تەربىيە ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما دۆلەتنى يەنىلا پەقەت ئۆزىگىلا تايىنىپ باشقۇردى. ئۇ، ئوسمانلى ۋە بىرىتانىيە قاتارلىق قۇدرەتلىك مەملىكەتلەر بىلەن دىپلوماتىك پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولىشىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ ئىلغار باشقۇرۇش

ئۇسۇللىرىنى ئۆگەنمەدى. ئەكسىچە، ئۇ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا تىگىشلىك پۈتۈن سىياسەت ، پىكىر ۋە تەلەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى بەلگىلەپ چىقاتتى. مۇھىم ئىشلاردا كېڭەش ۋە مۇزاكىرە ئۆيۈشتۇرمايتتى. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ناھايىتى ياخشى ماڭغان دۆلەت ئىشلىرى، بارا-بارا ھايات ئاستا-ئاستا خاراپلىشىشقا، بەگلەر چىرىكلىشىشكە باشلىغان ئىدى. ئەمما، مەنچىڭ ئىمپىرىيەسىنىڭ زۇلۇمىنى يەتكىچە تارتقان ۋە ئەركىنلىككە مۇھتاج بولغان ئۇيغۇر خەلقى يەنىلا ئۆز ھاكىمىيىتىنى قەدىرلەپ، ئۇنى جان تىكىپ قوغدىغان ئىدى. ئەگەر ياقۇپ بەگ




ئاخىرغىچە توغرا ۋە ياخشى باشقۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈپ، دۆلەتنى ھەر جەھەتتىن قۇدرەت تاپقۇزغان بولسا، مەنچىڭ ئىمپىرىيەسىنىڭ بۇ تۇپراققا قايتىپ كېلەلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

5- سەۋەپ: ياقۇپ بەگنىڭ دۈشمەن بىلەن سۈلھە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇنىڭغا قاتتىق ۋە قەتئى زەربە بەرمەسلىك ھەم باشقىلاردۇر. ياقۇپ بەگ سۈلھەچىلىك يولىغا مېڭىپ، دۈشمەن بىلەن قەتئى سوقۇشۇش تەرەپتارى بولغان ئوغلى بەگقۇل بەگ ۋە باشقا قوماندانلىرىنى ئالدىنقى سەپتىن قايتۇرىۋېلىپ(9)، رەقىبلىرىنىڭ ئۆز ئەھۋاللىرىنى بىلىۋېلىشىغا ھەمدە ئۆزىنىڭ ئاجىز نوقتىلىرىغا ھوجۇم قىلىپ، ئۆزىدە ئىشەنچ پەيدا قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئەسلىدە مەنچىڭ ئىمپىرىيىسىنىڭ زوزوڭتاڭ تەرەپدارلىرى قەشقەرىيە دۆلىتىگە ھوجۇم قوزغاشقا ئالدىراپ جۈرئەت قىلالمىغان بولۇپ، ئۇلار بىر تەرەپتىن ياقۇپ بەگنىڭ كۈچىگە ئەندىشە بىلەن قارىسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئۇرۇشقا ئوسمانلى ئىمپىرىيىسى بىلەن رۇسىيەنىڭ ئارىلىشىپ، «يەتتە شەھەردۆلىتى»گە ياردەم بېرىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئالدى بىلەن ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلىپ، ئالدى بىلەن ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، ئاندىن ئۇرۇش باشلىماقچى بولغان ئىدى(10). ياقۇپ بەگنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئەينى ۋاقىتتا مەنچىڭ ئوردىسىنى خېلى ساراسىمگە سالغان بولۇپ، لى خۇڭجاڭ گورۇھى بىلەن زوزوڭتاڭ گورۇھىنىڭ يەتتە شەھەر مەسىلىسىدىكى تالاش-تارتىشلىرىدا لى خۇڭجاڭ گورۇھى ئاخىرى قەشقەرىيەنى تاشلىۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما، زوزوڭتاڭ بولسا، ئەگەر ئۇنىڭغا يول قويغاندا ياقۇپ بەگنىڭ ھامان بىر كۈنى سەددىچىننىڭ ئىچىگە بېسىپ كىرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. نىمە سەۋەپتىن مەنچىڭ ئوردىسىدا مۇنداق تالاش-تارتىشلار يۈز بەردى؟ بۇ دەل ئەنە شۇ قەشقەرىيە دۆلىتىنىڭ كۈچ- قۇدرىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئىدى، خالاس. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ياقۇپ بەگ بىرىنچى ھۇجۇمدىلا رەقىبلىرىگە قاتتىق زەربە بەرگەن بولسا، ئۇيغۇر سىياسى تارىخى تامامەن باشقىچە يېزىلغان بولار ئىدى. قىسقىسى ياقۇپ بەگ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ، ئاكتىپ ھوجۇمغا ئۆتۈشتىن پاسسىپ مۇداپىيەگە، ئاخىرىدا بېرىپ چېكىنىشكە ھەمدە يوقۇلۇشقا يۈزلەندى.

ئاقىۋەتتە، تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان تارىم ۋادىسىنى ئاشكارە بىرىۋېتىش ۋە ياكى ئۇ جايدا مۇستەقىل دۆلەتنىڭ قەد كۆتىرىشىنى خالىمىغان بەلكى، خالىسىمۇ ئۆز- ئارا پايدىسىز دەپ قارىغان بىرىتانىيە بىلەن روسىيە ئۆزلىرىدىن ئاجىز مەنچىڭ ئىمپىرىيىسىگە خۇددى بۇ«چوڭ ئويۇن»دا ئوتتۇرغاندەك كۆرۈنۈش بىلەن بۇ رايوندا ئەبەدىي ئۆز ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تەسىرىنى ساقلاپ قېلىپ، بارا-بارا سىڭىپ كىرىش ستىراتېگىيىسىنى بەلگىلىدى. ئۇلۇغ بىرىتانىيە بىلەن چار روسىيەنىڭ بۇنداق قارارغا كېلىشىگە يەنىلا ئالدى بىلەن ياقۇپ بەگنىڭ ئاخىرغىچە پۈت تىرەپ تۇرالماسلىقى ۋە مەنچىڭ قوشۇنلىرىغا زەربە بېرىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالالماسلىقى بىر سەۋەپ بولۇپ قالدى.

ئامېرىكا ئالىمى جامىس مىلۋاردنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇشىچە، مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى ھۆكۈمرانلىقى ھەقىقى ئىمپىريالىزىملىق ھۆكۈمرانلىق بولۇپ، زوزوڭتاڭنىڭ ئۆلكىنى قايتا ئىشغال قىلىشى بىلەن 1884-يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسى تەسىس قىلىنىپ، ئۆلكىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورۇنلىرىنى ئىلگىرىكىدەك پۈتۈنلەي مانجۇلار ئىگىلەشنىڭ ئورنىغا خىتايلار ئالمىشىپ، ئاساسىي ھوقۇق زوزوڭتاڭ قاتارلىق خىتايلارنىڭ قولىغا ئۆتتى ھەمدە ئۇيغۇر ھاكىم بەگلىرىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىگە چەك قويۇلدى(11). شۇنىڭدىن كېيىن زوزوڭتاڭ- ليۇجىتاڭ گورۇھى خەنزۇلارنىڭ ئىمتىيازىنى تىكلەپ ۋە قوغداپ، خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىشىگە ئاساس سالدى. زوزوڭتاڭ قوشۇنلىرىنىڭ دەھشەتلىك ئۆچ ئېلىشلىرىغا دۇچ كەلگەن شۇنىڭدەك ئىلگىرىمۇ ئۇزۇن يىللار ئۇرۇش زەردابلىرىنى

چەككەن خەلق، قاتمۇ -قات زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىشلەرگە نىسبەتەن 50 نەچچە يىل تاقەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

تارىخ ھاپىلا -شاپىلا 20- ئەسىر قويىنىغا كىرىشى بىلەن ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈزبېرىپ، بۇ شاھمات تاختىسىدا تېخىمۇ زور ۋە مۇرەككەپ ھەم كەسكىن ئويۇنلار ئوينالدى. بۇ ئويۇنلاردا لېنىن روسىيەسى غالىپ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ نالە-پەريادلىرى قىزىل خىشلىق كرېمل تېمىنىڭ ئىچىگە ئاڭلانمىدى، خالاس!

2. جۇغراپىيىۋى سىياسەتنىڭ قۇربانلىرى

ياۋرۇ-ئاسىيانىڭ خەستىلەنگەن يۈرىكى- ئۇيغۇر دىيارىنىڭ خەستىلىك ۋە ئازاپلىق تارىخى ئەركىسىزلىكنىڭ تەمىنى تېتىغان ھەمدە ئەركىسىزلىكنىڭ بىر مىللەت ئۈچۈن ئەڭ زور دەرىجىدىكى يوقۇتۇش ۋە تىراگېدىيە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان قەلبلەر بىلەن كۆپ ئوخشاشلىقلارغا ئىگە بولسىمۇ، لىكىن ئۇ يەنە ئۆزىگە خاس تەرەپلەرگە ئىگە. بەلكى، ئۇنىڭ خەستىلىك تارىخىنىڭ ۋاراقلىرى كۆپرەك بولسا كېرەك؟!

تارىخى رىياللىق ۋە ئۇنىڭ خۇددى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئېيتقاندەك جۇغراپىيىلىك تەلەيسىزلىكى، مېنىڭچە يەنە ئۇنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردىكى تەلەيسىزلىكلىرى ئالدى بىلەن ئۆزى بىلەن بىۋاسىتە تارىخىي ، مەدەنىيەت ۋە جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن باغلىنىشلىق بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئەڭ مۇھىمى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۇزۇن يىللار كونتۇروللۇق ئاستىدا تۇتۇپ كەلگەن سانكتپېتېربورگ ۋە موسكۋا بىلەن بىۋاسىتە زىچ مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى ياۋرو-ئاسىيانىڭ خەستىلەنگەن يۈرىكى- شەرقىي تۈركىستان ئۆزىنىڭ يەنە بىر پارچىسى غەربىي تۈركىستان بىلەن تارىخىي تەقدىرداشلىققا ئىگە بولغان بولسا، كېيىنكى ئەسىرلەردە بۇ رايونغا كىرگەن موسكۋا دائىم ئۆز مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئوتتۇرا ئاسىيانى ۋاستە قىلغان. بۇ نوقتىنى چۈشەنگەن ھەممە كۈچلەر ياۋرو- ئاسىيانىڭ مەزكۇر خەستىلەنگەن يۈرىكىنى غەربىي تۈركىستان ئارقىلىق ئازاپلاش تاكتىكىسىنى تاللىۋالدى ھەمدە تاللىۋالماقتا.

ئۇنداقتا تارىختىكى كونا- يېڭى روسىيىنىڭ، ياۋرو- ئاسىيانىڭ خەستىلەنگەن يۈرىكى ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرىغا تۇتقان سىياسىتىنى قانداق تەسۋىرلەش لازىم؟ روسىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتى مەيلى چار پادىشاھ دەۋرىدە بولسۇن ۋە ياكى 1917-يىلدىن كېيىنكى سوۋېت روسىيەسى مەزگىلى بولسۇن ھەممىسىلا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك خەلقلەر بىلەن خەنزۇ ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى قارمۇ-قارشىلىقلاردىن ئىبارەت مەزكۇر رايوننىڭ ئىچكى سىياسىي ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن(12). چۈنكى ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ھەر قېتىملىق قوراللىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرى يالغۇز جۇڭگو ھاكىمىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن بەلكى روسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن . بۇنىڭدىكى سەۋەپ: بىرىنچىدىن، روسىيە ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئېتنىك، دىن، تىل ھەتتا ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ھايات شەكلى قاتارلىق تۈرلۈك تەرەپلەردىن بىردەكلىككە ۋە ئوخشاشلىققا ئىگە بولغانلىقى. ئىككىنچىدىن، شەرقىي تۈركىستان بىلەن غەربىي تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن تاغ- دەريالىرى، ئېتىز-ئېرىقلىرى ۋە يايلاقلىرىنىڭ تۇتىشىپ كېتىپ، ئورتاق بىر جۇغراپىيىلىك گەۋدىنى شەكىللەندۈرۈشىدىن ئىبارەت بۆلۈنمەس بىردەكلىك ھەمدە باغلىنىشلىق مۇناسىۋەت رۇس ۋە مەنچىڭ ئىمپېرىيەلىرى تەرىپىدىن سۈنئىي ئۇسۇلدا جىسمانىي جەھەتتىن ئايرىۋېتىلسىمۇ لىكىن، بەرىبىر مەنىۋىي جەھەتتىن ئايرىۋېتەلمىدى. ئەنە شۇ يۇقارقى ئىككى خىل ئامىل سەۋەبىدىن چېگرانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى خەلقلەر ئۆز-ئارا بىر-بىرىگە ئۆتۈپ ياشاشنى ۋە ھەر قېتىملىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا ئۆز ئارا قېچىپ كىلىپ پاناھلىنىش ۋە قايتىدىن كۈچ توپلاپ ئۆز ئېلىدىكى كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئادەتلەندى. غەربىي ۋە شەرقىي تۈركىستان بۇلار ئۈچۈن ئارقا سەپلىك ھەم بازىلىق رول ئوينىدى. مەسىلەن، 1759-يىلدىكى بۇرھانىدىن غوجا ۋە خان غوجا باشچىلىقىدىكى قەشقەرىيە خەلقىنىڭ جاۋخۇي باشچىلىقىدىكى مەنچىڭ تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەشلىرى، جاھانگىر غوجا قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى، 1830-، 1847-، 1856-، 1877-، 1881- يىللىرىدىكى ۋەقەلەردە شۇنىڭدەك 20- ئەسىردە يۈز بەرگەن بىر قاتار ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىدە كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تۇنگان قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يەتتە سۇ رايونىغا قېچىپ كىلىپ پانالاندى. چوقان ۋەلىخانوپنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا 19 -ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىكى جاھانگىر غوجا قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندا قوقان، شەھرىخان قاتارلىق جايلارغا 70مىڭ ئۇيغۇر كۆچۈپ چىققان. 19-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدا بولسا 15مىڭ ئۇيغۇر قېچىپ چىققان. شەھرىخان بىلەن قارىسۇ ئارىسىدىكى جايلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ دولان دەپ ئاتالغان

گورۇپپىسىدىن 9 مىڭ ئادەم كۆچۈپ چىققان بولۇپ، پەرغانە ۋادىسىدا جەمئىي 324 مىڭ ئۇيغۇر بولغان (12). بۇ قازاق ئالىمى يەنە ئەينى ۋاقىتتا تاشكەنتنىڭ جەنۇبىدا يېگىشەھەر مەھەللىسىدە قەشقەرلىكلەر (ئۇيغۇرلار)نىڭ تۇرىدىغانلىقىنى، شەھرىخان، ئەندىجان ئاھالىسىنىڭ يېرىمىنىڭ قەشقەرلىكلەر، قارىسۇنىڭمۇ شۇنداق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ(13). ئا.ن.كروپاتكىنمۇ 19-ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدا قوقان خانلىقى تەۋەلىكىدە 250 مىڭ قەشقەرلىكلەر(ئۇيغۇرلار) نىڭ بارلىقىدىن مەلۇمات بېرىدۇ(14). ئەلبەتتە، مۇنداق كۆچۈش ئىزچىل داۋاملاشقان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سانىمۇ ئۈزلۈكسىز تۇردە ئاشقان .

تارىخىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئۇيغۇر ئېلىدا يۈز بەرگەن ھەممە قوزغىلاڭلاردا مەزكۇر پاناھلانغان مۇساپىرلار بەلگىلىك مۇھىم رول ئوينىدى. مەسىلەن: جاھانگىر غوجا، يۈسۈپ غوجا ۋە باشقا غوجىلارنىڭ قوزغىغان قوراللىق ھەرىكەتلىرىدە پەرغانە ۋادىسىغا قېچىپ بارغان قەشقەرىيەلىكلەر ئاۋانگارت قوشۇن بولۇپ ئويۇشۇپ، ئۆز يۇرتلىرىغا جەڭ بىلەن قايتىپ كەلگەن، شۇنىڭدەك كۈرەشلەردە مۇھىم تايانچلىق رولىنى ئوينىغان. ئەڭ يېقىنقى مەزگىلگە تەۋە مىساللارنىڭ بىرى شۇكى، 1944- يىلدىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاۋىدىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ بارغان ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقىلار سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قايتىدىن تەشكىللىنىپ، مەخسۇس گورۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، نىلقا قوزغىلىڭى، غۇلجا قوزغىلىڭى، ھەرەمباغ ئۇرۇشى ۋە باشقا جەڭلەردىكى مۇھىم ھەربىي تايانچلىق رولىنى ئوينىدى(15). ئومۇمەن سوۋېت ئىتتىپاقىي ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك ستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىدا دائىم ۋە ئىزچىل ھالدا شۇ جايدىكى ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىستەكلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئېلىدىكى ھەركەتلەرگە قول تىقتى ۋە كونترول قىلدى.

تۈركىستاننىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ تەقدىرداشلىقىغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر نوقتا شۇكى، ئوخشاشلا چار روسىيە ۋە سوۋېت روسىيەسىگە قارشى جەڭ قىلغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىدىيولوگىيەلىك جەھەتتىن چىقىشالمىغان كۆپلىگەن قازاقلار، ئۆزبەكلەر، قىرغىزلار، تاتارلار ھەم ئۇيغۇرلار ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىياغا يەرلەشكەن رۇسلار ئۇيغۇر ئېلىگە قېچىپ كىلىپ پاناھلاندى. مەسىلەن: ئېلى سۇلتانلىقىغا قېچىپ كىلىپ پاناھلانغان قازاق باتۇرى تازان بېك ۋە باشقىلار رەھبەرلىكىدىكى قازاقلار مۇھىم مەسىلە بولۇپ، ئېلى سۇلتانى ئەلاخان مىللىي ۋە دىنىي قېرىنداشلىق سەۋەبىدىن تازانبەگنى چار پادشاھقا قايتۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلىش بەدىلىگە ئۆز مۇستەقىللىقىنى يوقاتتى. 1916- يىلى يەنە چار پادشاھنىڭ ئەسكەر ئېلىشىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مەغلۇپ بولغان قازاق، قىرغىزلار تۈركۈملەپ-تۈركۈملەپ ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇب-شىمالىغا كىلىپ ماكانلاشتى. قىرغىز تارىخچىسى بېلەك سۇلتانئاينىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىن ئۇيغۇر دىيارىغا قېچىپ كەلگەن قىرغىزلارنىڭ سانى 200 مىڭدىن ئاشقان(14). باشقا مەلۇماتلاردا 300 مىڭدىن ئارتۇق دەپمۇ يېزىلىدۇ(16). ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان بۇ قىرغىز قاچقۇنلىرىنى ئۇيغۇرلار ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتۇرغان، ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەن ھەم ئۇلارنى ماكانلاشتۇرغان. ئۇنىڭدىن كىيىن سوۋېت روسىيەگە قارشى جەڭ قىلىپ، رۇس كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن«باسمىچىلار» دەپ ئاتالغان ئەنۋەر پاشانىڭ، ئىرگەش باتۇرنىڭ ئۆزبەك، قىرغىز ئەسكەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە- تاۋاباتلىرى قەشقەر ئەتراپىغا قېچىپ كىلىپ پاناھلانغان ئىدى. 1930- يىللاردىكى قەشقەردە بولغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش قوزغىلاڭلىرىغا ئىشتىراك قىلغان قىرغىزلاردىن جانىبېك قازى، چىپاق قازى، ئۆزبەكلەردىن يۈسۈپجان ۋە سېيىتۋالدىجان ھەم ئۇلارنىڭ نەچچە يۈزلىگەن ئەگەشكۈچىلىرى ۋە باشقىلار بۇنىڭ مىسالى بولسا كېرەك(17).

ئومۇمەن چېگرىنىڭ ھەر ئىككىلا تەرىپىگە قېچىپ بېرىپ ماكانلاشقان قېرىنداش خەلقلەر بىر-بىرىنىڭ ھۆرلۈك كۈرەشلىرىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى ھەمدە بىر-بىرىگە ئىگە چىقىپ، ئۆز پاناھىغا ئېلىشتى،(ئەلبەتتە كۆپ مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەۋجۇت بەزى ئەھۋاللارنى ھېساپقا ئالمىغاندا).

دېمەك، چار پادشاھ ۋە كيىنكى سوۋېت روسىيەسى يوقىرىدا قەيت قىلىنغان ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەرنى ئالغان ھەمدە سىياسەتلەرنى تۈزگەن ئىدى. بولۇپمۇ سېۋېت روسىيەسى چار روسىيەنىڭ بۇجەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى ياخشى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ھەم كۈچەيتىش چارىسىنى قوللاندى.

روسىيە تاشقىي سىياستى جۈملىدىن ئۇنىڭ مەركىزىي ۋە شەرقىي ۋە جەنۇبىي ئاسىيا سىياسىي ستراتېگىيىسىنى تەھلىل قىلغاندا شۇنداق يەكۈن چىقىرىش مۇمكىنكى، كونا روسىيە ۋە

قىزىل لېنىن روسىيەسى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىنىڭ ھەممىسىدە كرېملىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك خىتاي سىياسىتىدە ئۈچ خىل ئۇقۇم زىددىيەتلىشىپ كەلگەن. بۇنى مۇنداق يەكۈنلەش مۇمكىن:

1-شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىگە يول قويماي، ئەكسىنچە جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ياردەم بېرىپ، رۇس تەسىرى ئاستىدىكى رايون قىلىش يەنى تېرىتورىيەلىك ھوقۇق جەھەتتىن جۇڭگونىڭ قولىدا قالدۇرۇش، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن روسىيەنىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇتۇش، ئۇچۇنچى بىر دۆلەت كۈچىنى بۇ يەرگە كىرگۈزمەسلىك.

2- بۇ رايوندا مۇستەقىل بىر ئۇيغۇر دۆلىتى بەرپا قىلىش ۋە ياكى ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش. بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننى خۇددى موڭغۇلىيە ھەم باشقىلارغا ئوخشاش كرېملىنىڭ تەسىرى ۋە ھېمايىسى ئاستىدىكى بىر قورچاق دۆلەت سۈپىتىدە تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن كرېملىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيىسى ۋە باشقا كېرەكلىك نوقتىلىرى ئۈچۈن پايدىلىنىش.

3- بۇ رايوننى قوراللىق يول بىلەن ئاشكارە بېسىۋېلىپ، رۇسىيەنىڭ بىر گوبېرنىيىسى ياكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قىلىش. مەزكۇر ئۈچ خىل نوقتىنەزەرلەرنىڭ تەشەببۇسكارلىرى ئارىسىدىكى كۈرەشمۇ ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچىنچى نوقتا چار پادىشاھ دەۋرىدىلا ئاساسىي جەھەتتىن سەپتىن قېلىپ، يۇقىرىدىكى ئىككى نوقتىنەزەر دائىملىق تالىشىش مەركىزى بولۇپ كەلدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى مەرھۇم تۇرسۇن سادىقوۋنىڭ ئېيتىشىچە: روسىيەنىڭ ۋە كېيىنكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىنى بەلگىلەشتىكى ئاچقۇچلۇق مەزكۇر ئىككى نوقتا ئاساسىدا بىرىنچى خىل نوقتىنەزەر دائىم ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ دۆلەت سىياسىتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى (18). ئۇيغۇر مەسىلىسى باشتىن- ئاخىرى سوۋېت-خىتاي مۇناسىۋەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇشتەك خارەكتېرگە ئىگە بولۇپ، 1924-يىلى سوۋېت روسىيەسى بىلەن خىتاي جۇمھۇرىيىتى ئارىسىدا تۈنجى كېلىشىم تۈزۈلگەندىن كېيىن، موسكۋا تۈركىستان تەۋەسىدىكى خىتايغا قارشى كەيپىياتتىكى ھەرقانداق ھەركەتلەرنى قاتتىق چەكلىدى ھەتتا سوۋېت كوممۇنىستلار پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى «شىنجاڭ»دا تەشكىللىنىدىغان پائالىيەتنى ئېلىپ بېرىشنى چەكلەش ھەققىدە قارار چىقىرىپ،

«شىنجاڭنى ياكى بۇنىڭ مەلۇم قىسمىنى خىتايدىن ئايرىشنى مەقسەت قىلىدىغان ھەرقانداق ھەرىكەت ۋە تەشۋىقاتنى پۈتۈنلەي زىيانلىق دەپ قاراش»نى قارار قىلدى.(19).

3. تەقدىردىكى ئوخشاشلىقلار

1917-يىلدىكى روسىيەنىڭ فېۋرال ئىنقىلابىدا پادىشاھلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن بولشېۋىكلار بىلەن بۇرژۇئا دېموكراتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئۆتكۈرلەشتى. چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ يوقۇلىشى بۇ كونا ئىمپېرىيىنىڭ يېڭى ھاكىيىتىنى تالىشىدىغان تۈرلۈك سىياسىي ئېقىملار ۋە پارتىيەلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن ئىدىل(ئولگا)-ئورال بويلىرىدىن تارتىپ تاكى ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان بېپايان زېمىندىكى رۇس مۇستەملىكىسىنىڭ ئازابىنى تارتقان خەلقلەر مۇستەقىللىق يولىنى تۇتۇپ، ئىلگىر-كېيىن تۈرلۈك پارتىيە ۋە سىياسىي گورۇھلارنى شەكىللەندۈردى.

ئالدى بىلەن قىرىملىق ئىسمايىل گاسپىرالىنىڭ مەدەنىيەت گۈللىنىش ۋە جەدىدچىلىك ئىدىيىسىنى ئاساس قىلغان«بالقاندىن جۇڭگوغىچە» بولغان تۈركىي خەلقلەرنى بىر ئورتاق سىياسىي ۋە بىر ئورتاق تىل شارائىتىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاقىنى شەكىللەندۈرۈش ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان قىرىملىق تاتار زىيالىلىرى«ياش تاتار پارتىيىسى» ناملىق سىياسىي تەشكىلات ئاستىغا




ئۇيۇشۇپ پەقەت مەدەنىيەت- مائارىپ جەھەتتىن ئۇيغۇنىشنىڭلا بىر مىللەت ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى پەقەت ۋە ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، مىللەتنى بۇ ھوقۇقلاردىن بەھرىمان قىلغاندىلا ھەقىقىي مەنىدىكى قۇتۇلۇش ۋە گۈللىنىش مۇمكىنچىلىكى ھەم كاپالەتلىك بولىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلدى. ياش تاتار پارتىيىسى 1917-يىلى 2-ئايدا تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە تۇنجى بولۇپ، «مىللىي پىرقە» پارتىيىسىنى قۇرۇپ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالماقچى بولدى. بۇ پارتىيە 1917- يىلى 5-ئايدا يەنە قۇرۇلتاي چاقىرىپ، تاتار قىرىم تاتار ھۆكۈمىتىنى قۇردى ۋە ئاساسىي قانۇننى بەلگىلىدى. لېكىن، 1921- يىلى سوۋېت روسىيەسى قىرىم ئارىلىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، تاتار

مىللەتچىلىرى بىلەن كوممۇنىستلارنىڭ بىرلىشىشى ئاستىدىكى قىرىم سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى ھەمدە ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، تاتار مىللەتچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى دىگۈدەك جازالىدى. قىرىم تاتارلىرىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كىلىپ، 1944-يىلىغا كەلگەندە ئۆز يۇرتلىرىدىن قوغلاندى، خالاس(20).

ئوخشاش بىر ۋاقىتتا يەنە قازاننى ئاساس قىلغان ۋولگا(ئىدىل)- ئۇرال بويىدىمۇ تاتارلار ۋە باشقىرتلارنىڭ مىللىي ئويغىنىش ھەم سىياسىي جەمئەتتىن قەد كۆتۈرۈش ھەرىكىتى جانلانغان بولسىمۇ، لېكىن تاتار، باشقىرت مىللەتچىلىرى ئىككى خىل پىكىر ئېقىمىغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇنىڭ بىرى«سىياسىي جەمئەتتىن بىرلىككە كەلتۈرۈش» بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرى بىرلىككە كەلگەن بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىكىدىكى روسىيە تەۋەسىدە قېلىپ، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مۇختارىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلسا، يەنە بىر گۇرۇپپا فېدېراتسىيەچىلىك پىكىر ئېقىمىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار ۋولگا- ئۇرال دۆلىتىنى قۇرۇپ، ئۇنى زېمىن جەھەتتىن مۇستەقىل قىلىش، ئەمما روسىيە بىلەن يەنىلا فېدېراتسىيىلىك مۇناسىۋەتنى ساقلاش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى(21). بۇ گۇرۇپپىغا مەنسۇپ كۆپلىگەن مىللەتچىلەر كېيىن بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە كىرىپ، بولشېۋىكلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ ياردەملىشىشى نەتىجىسىدە 1920- يىلى 27-مايدا تاتارىستان سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. ئەمما، بۇ بىر قىسىم تاتار زىيالىيلىرى كومىنىستىك پارتىيەگە ئەزا بولغان بىلەن ھېچ قاچان ئۆزلىرىنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىسىدىن ۋازكەچمىگەن بولۇپ، ئۇلار موسكۋانىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن سىياسىي ھوقۇقلىرىدىن رازى ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەپ، پارتىيەنىڭ ئىچكىي قىسمىدا تۈركىي خەلقلەرنىڭ دۆلەتچىلىكىنى قايتىدىن تۇزۇش مەسىلىسىدە تالاش-تارتىشلارنى قانات يايدۇردى. مىرسەيىد سۇلتان غالىيېۋ رەھبەرلىكىدىكى تاتار مىللەتچىلىرى ئىدىل-ئۇرال، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ تۈركىي-مۇسۇلمانلار ياشىغان رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تۇران دۆلىتى قۇرۇشنى، شۇنىڭدەك يەنە بۇ رايوندىكى بارلىق مۇسۇلمانلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۆز ئالدىغا «مۇسۇلمان كومىنىستلار پاتىيىسى»نى قۇرۇپ (22)، سوتسىيالىزم دۇنياسىنى تۈركىي- مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا روسىيە كومىنىستلار پارتىيىسىدىن مۇستەقىل بىر ئايرىم پارتىيە بولۇش سالاھىيتىگە لايىق ئىكەنلىكىنى تەشراپ قىلدۇرۇشقا تىرىشتى. ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ بۇ ستراتېگىيىسىمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. 1928-يىلى ھاكىمىيەتنى تولۇق مۇستەھكەملىۋالغان موسكۋا سۇلتان غالىيېۋ رەھبەرلىكىدىكى مەزكۇر مىللەتچى كومىنىستلارنى پىراقلا تازىلاپ، تۈرگۈنلىغان ئادەملەرنى ئۆلۈمگە، سۈرگۈنگە ۋە تۈرمىگە مەھكۇم قىلدى. سۇلتان غالىيېۋ ئىجاد قىلغان «مۇسۇلمان كومىنىستلىرى پارتىيىسى»دىگەن بۇ غەيرى سىياسىي ئىدىيولوگىيە سۆز ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك سىياسىي ئاتالغۇلار لوغىتىدىن غايىپ بولدى. چۈنكى تاكى1924- يىلىغىچە موسكۋا ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ «مۇسۇلمان كومىنىستلىرى»دىگەن ئاتالغۇلارنى كەڭ ئىشلەتكەن ئىدى.

قىسقىسى ئىدىل-ئۇرال بويىدىكى موسكۋا بىلەن ئوخشاشلىقىقا ۋە ياكى قىسمەن پەرىقلەرگە ئىگە بولغان تاتار-باشقىرت مىللەتچىلىرىنىڭ ھەرخىل شەكىل ۋە ھەرخىل ئۇسۇلدىكى ، شۇنىڭدەك ھەر خىل پىكىر ئېقىمىدىكى ھەركەتلىرىنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۈشمىنى دەپ قارىلىنىپ، زەربە بېرىش ئوبيېكتى بولدى.

شۇنىڭغا ئوخشاشلا چار پادىشاھ ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشى غەربىي تۈركىستانغىمۇ ئازاتلىق ئىشەنچىسىنى ئېلىپ كەلدى. ياش تۈركلەر پارتىيىسىنىڭ تەسىرىنى ئالغان، شۇنىڭدەك روسىيەنىڭ 1905-يىلدىكى مۇنارخىزىمغا قارشى دىكابىرچىلار ھەرىكىتى ھەمدە روسىيە-ياپونىيە ئۇرۇشىدا روسىيەنىڭ يېڭىلىشىدەك بىرقاتار ئىچكىي ۋە تاشقىي ۋەزىيەتنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ قارىغان تۈركىستانلىقلار ئىلگىرى- كېيىن ئاشكارە ھەم مەخپىي تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇپ مىللىي ئويغىنىش تەشۋىقاتلىرىنى قانات يايدۇردى. ھەمدە «ياش بۇخارالىقلار پارتىيىسى»، «ياش خىۋەلىكلەر پارتىيىسى»نى قۇردى. فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىن، 1917- يىلى 5-ئايدا ئۇلار تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، تۇنجى مۇستەقىل ھۆكۈمەت- مىللىي مەجلىسنى تەسىس قىلدى. 1917- يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئەمەلىي ھوقۇقنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن قوقاندا تۈركىستان- مۇسۇلمانلار ھۆكۈمىتىنى ئېلان قىلدى. «قوقان ئاپتونومىيىسى»دەپ ئاتالغان بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇپ، ئۇ 1919-يىلى تاشكەنتتىكى سوۋېتلەر ئەۋەتكەن قوراللىق كۈچ تەرىپىدىن ئاغدۇرۇۋېتىلدى ۋە قوقان ئىنقىلاپچىلىرى دەھشەتلىك قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى(23).

يەتتە سۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قازاق، قىرغىز رايونلىرىدىمۇ چار روسىيەدىن قۇتۇلۇش ھەرىكىتى بۇرۇنلا باشلانغان بولۇپ، 1916- يىلى كەڭ- كۆلەملىك قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى. چار پادىشاھ يىقىلغاندىن كېيىن بولسا، قازاق زىيالىيلىرى «ئالاش ئوردا» ناملىق ئەركىنلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر پارتىيە قۇرۇپ، ئورىنبۇرىگ، ئورال ۋە يەتتە سۇ رايونلىرىدا ھەركەت قىلدى. بۇ پارتىيە دەسلەپتە قىزىللارغا قارشى كازاكلار بىلەن بىرلىشىپ، بولشېۋىكلارغا قارشى تۇرغان بولسا، 1919- يىلدىن كېيىن بولشېۋىكلارنىڭ ۋەدىلىرىگە ئىشىنىپ، ئۇلار تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزدى. بولشېۋىكلار قازاقلارغا ئالىي ئاپتونومىيە بېرىشكە رازى بولدى ھەمدە شۇ يىلى روسىيە تەۋەسىدە قازاق سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ، رۇس كوممۇنىستلىرى «ئالاش ئوردا»چىلىرىنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشى ئاستىدا قازاق تۇپراقلىرىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن قازاق، قىرغىز مىللەتچىلىرىنى بىر-بىرلەپ تازىلىدى (24).

بۇ مەزگىلدە يەنە خارەزىم رايونىدا خىۋە خانلىقى، بۇخارا رايونىدا بۇخارا ئەمىرلىكى مەۋجۇت بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى چارروسىيەنىڭ ھامىيلىقى ئاستىدا ئىدى. 1919- يىلى ئولگا بويىدا جەڭ قىلىۋاتقان قىزىل ئارمىيە قوشۇنى لېنىننىڭ بىۋاستە بۇيرۇقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىپ، ئىلگىر-كېيىن خىۋە ۋە بۇخارا خانلىقلىرىنى يوقاتتى. بۇ خانلىقلار ئىلگىر -ئاخىر خارەزىم خەلق جۇمھۇرىتى(1919-يىل)، بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى (1920-يىل)گە ئۆزگەرتىلدى.

گەرچە سوۋېت روسىيەسى زور غەلىبىلەرگە ئېرىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىدىل-ئورال ۋە كاۋكازىيە قاتارلىق تۈركىي- مۇسۇلمانلار رايونىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا ئىچكىي ۋە تاشقىي تەھدىتلەردىن خالى بولالمىدى. گەرچە، ياش بۇخارالىقلار، ياش خىۋەلىكلەر ھەم باشقا مىللەتپەرۋەرلەرنىڭ بىر قىسمى بولشېۋىكلار پارتىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ تۈركىستاندىكى سوۋېت ھاكىمىيىتىدە يوقۇرى لاۋازىمەتلىك ئورۇنغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۇلار لېنىننىڭ ئىنقىلاپ غەلبە قىلىشتىن ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان«چار روسىيەنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ خالىسا فىدىراتسىيەلىك ھاكىمىيەتتىن چىقىپ كېتىپ، ئۆز مىللىي مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇرۇش ھوقۇقى بار» دېگەن شۇئارىدىن غەلبىنى قولغا كەلتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، ئاستا-ئاستا يېنىۋالغانلىقىنى بىلىپ، بۇنىڭدىن سوۋېت روسىيەسىنىڭ ئەسلى مەقسىدىنى سېزىۋالغان ئىدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە پەرغانە ۋادىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ سوۋېت روسىيەسگە قارشى مىللىي مۇستەقىللىق ۋە ئىسلامىي غازات شۇئارىدىكى قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى پارتىلاپ، پارتىزانلارنىڭ سانى كۆنسايىن ئېشىش بىلەن بەزى شەھەرلەر، قىشلاقلار ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. موسكۋا ھۆكۈمىتى بۇ كۈچنى يوقۇتۇش ئۈچۈن فىرونزىنىڭ باشچىلىقىدا 200 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر سالدى. دېمەك، ئاتالمىش «باسمىچىلار ھەرىكىتى» ھەمدە ئىدىل-ئورال ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئالغان لېنىن روسىيەسى 1919- يىلى تاشكەنتنى مەركەز قىلىپ، تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىتىنى قۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن تۈرۈكچىلىك پىكىرىدىكىلەرنى قايمۇقتۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللاندى. ئاخىرىدا ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ بولغاندىن كېيىن تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يەرلىك مىللەت رەھبەرلىرى ۋە زىيالىيلىرىنىڭ نارازىلىقىغا قارىماستىن تۈركىستاننى پارچىلاپ 1924- يىلدىن باشلاپ، تاكى 1936- يىلغىچە ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستان، قازاقىستان، قىرغىزستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىنى بەرپا قىلىپ، بۇنى «ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللىي چېگرالارنى ئايرىش ۋە مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى قۇرۇش سىياستى»-دەپ ئاتىدى، شۇنىڭدەك «تۈركىستان» ئىبارىسىنى چەكلەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوتتۇرا ئاسىيا ئاتالغۇسىنى ئومۇملاشتۇردى ھەمدە ئومۇمىي يۈزلۈك پانتۈركىزىمغا قارشى ھەرىكەت باشلىدى.

لېنىن باشچىلىقىدىكى سوۋېت روسىيەسى پۈتۈن سابىق چار پادىشاھ مۇستەملىكىلىرىنى تولۇق ئىدارە ئاستىغا ئېلىپ، بۇ جايلاردا يەرلىك خەلقلەرنىڭ مىللىي، سىياسىي ھوقۇقلىرى ئېتىراپ قىلىنغاندەك ھالەتنى بىلدۈرىدىغان تۈرلۈك ئاپتونومىيەلىك جۇمھۇرىيەتلەرنى قۇرۇپ، ھوقۇقنى موسكۋاغا مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن پۈتۈن دۇنيا يۈزىدە «پۈرولىتارىيات ئىنقىلابى قوزغاش »، «ئېزىلگەن خەلقلەرنى ئازات قىلىش» شۇئارى ئاستىدا ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تەقدىرى مەسلىسىگىمۇ كۆڭۈل بۆلدى. بىراق، دەسلەپتە بۇ جايدا ئىنقىلاپ قوزغاشنى مۇۋاپىق تاپقان سوۋېت روسىيەسى ھۆكۈمىتى ئۈچۈنچى ئېنتېرناتسىيونالنىڭ باشلىقى روك ژۇكتاكىنىڭ «قەشقەرىيە-جۇڭغارىيە جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرۇش لاھيەسىنى 1921-يىلى مەخسۇس كومىسسىيە تەشكىللەپ مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق بىكار قىلىپ، بۇ پىلاندىن ۋاز كەچتى ھەمدە

ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلىدى. بۇ قارارغا لېنىن بىۋاستە ئارلاشقان ئىدى (25).

ئومۇمەن 1917-يىلدىن ئىتىبارەن يەتتە سۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى ئازاتلىقىنى تەمىن ئىتىشنى مەقسەت قىلىدىغان سىياسى ھەركەتلەر پەيدا بولدى ۋە كۈنسايىن كۈچەيدى. ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ جۈملىدىن دۇنيا تۈرك خەلقلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ياۋرۇ-ئاسىيا مىقياسىدا داۋاملاشقان بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئازاتلىق كۈرەشلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى بەلگىلەشنىڭ تۈرلۈك يوللىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئىزدىدى.

ئۇيغۇرلار 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە كۈچىيىشكە قاراپ يۈزلەنگەن ھەم خاراپلاشقان تۈرلۈك سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئىدىيولوگىيەلىرى «كومىنىزىم»، «تۈرۈكچىلىك»، «ئىسلامىي گۈللىنىش»، «مىللىي ئازاتلىق» ۋە «جەدىدىتچىلىك» ھەم باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى دىگۈدەك ھەرخىل سەۋىيىدە ئۆز تۇرمۇشىغا ئېلىپ كىلىپ، بۇلارنى مىللىي ھۆرلۈك كۈرەشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. گەرچە بۇ ئىدىيىلەر ئۇيغۇرلار جەمئىتىدە ئۆز ئورنىنى تاپقان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئۆز ئارا كۈرەشلەرگىمۇ مەلۇم دەرىجىدە سەۋەپ بولدى. ھەرقايسى ئىدىيەلەرنىڭ تەرغىباتچىلىرى ئۆزلىرى ئىشەنگەن يول بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ دەپ قارىغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىدىيىلىرىگە سادىق بولدى. بۇنداق ئىدىيۋى توقۇنۇشلار دىسلەپتە بۇخارا، ئىستانبۇل، قازان قاتارلىق جايلاردا ئوقۇپ كەلگەن ئابدۇقادىر داموللا، مەسئۇت سەبىرى، قۇتلۇق شەۋقى، جىرجىس ھاجى قاتارلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە تاشقى دۇنيانى كۆرگەن ئاكا-ئۇكا مۇسابايېۋلار ۋە مەخسۇد مۇھىدى قاتارلىق ئۇيغۇر بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئۆز ئارا بىرلىشىپ، ئۆز ۋەتىنىدە يېڭىچە مەكتەپلەرنى ئېچىپ، يېڭى مەدەنىيەت- مائارىپ ئويغىنىش ھەركىتىنى قوزغىغان ۋاقتىدا ئۇنىڭغا قارشى چىققان ئۆمەر باي قاتارلىق جاھىللار گورۇھى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن رەۋىشتە ئىپادىلەندى. ياڭ زېڭشىڭ قاتارلىق مىلىتارىستلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى بۇ يېڭى مەدەنىيەت ۋە يېڭى ئاڭ ئىدىيىسىنىڭ ھىمايىچىلىرى بىلەن جاھىللار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلاندى ھەمدە ئۇنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى.

قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا، 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن چارروسىيەنىڭ ئاغدۇرۇلىشىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئازاتلىقىنى تەمىن ئەتمەكچى بولغان «تارانچى-تۇڭگان كومىتىتى»نىڭ باشلىقى ئۇيغۇر زىيالىسى ھۈسەيىن تارانوپ ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بولشېۋىكلارنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ ئۇلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى غايە قىلغان ئابدۇللا روزىباقىيېۋچىلار بىرمەيدان كۈرەشنى باشلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كيىن بولسا، يەنە سۇ ۋە پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىرقانچە يىل تارانچى-قەشقەرلىك جېدىلى يەنى بۇ ئىككى شۇنىڭ قايسىسىنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى قىلىش مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك تارانچىلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر مىللەتكە تەۋەلىكى مەسىلىسى ھەققىدە كەسكىن مۇنازىرە داۋاملاشتى(26). 1934-يىلى بولسا بۇ جىدەلدىن شىك شىەي پايدىلىنىپ، تارانچىلارنى ئۇيغۇرلاردىن ئايرىپ چىقىپ، باشقا مىللەت قىلىپ بېكىتتى. ئۇنىڭدىن كيىن، ئۇيغۇر ئىنقىلاپچىلىرى تاكى 1949- يىلغىچە ئۆزلىرى ئىشەنگەن ۋە ئېتىقات قىلغان يوللىرىنى ئۇيغۇر مىللىي ئازاتلىق ھەركىتىگە تەۋسىيە قىلىش جەريانىدا بىر-بىرىنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مەيلى تۈركچىلىك ئىدىيىسىنى ئاساسى قورال قىلغان جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىگە تايىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئالى مۇختارىيىتىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان ئۈچ ئەپەندى باشلىق «كونسىرۋاتىپلار» بولسۇن ۋە ياكى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق روسلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق مىللىي ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرشنى تەشەببۇس قىلغان «رادىكاللار» (27)بولسۇن ۋە ياكى بۇ ئىككى ئىدىيىنىڭ ئېچقايسىسىغا قوشۇلماي ئوتتۇرا يولنى تاللىغان ئابدۇلئەزىزخان مەخسۇم قاتارلىقلار بولسۇن بەرى-بىر پاجىئەلىك قىسمەتكە دۇچار بولدى. ئەلبەتتە بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاجىزلىقى ئەمەس ئىدى، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تاللاش ھوقۇقىدىن بەھرىمان بولۇشقا ئىنتىلىش، خەلقارا سىياسى ئېقىملارنى ۋە ۋەزىيەتنى تەتقىق قىلىشتىن چىقارغان خۇلاسىلىرى ئىدى. ئەسلىدە بۇنداق پىكىر ئېقىملىرىغا بۆلىنىپ ئۆز ئارا كۈرەش قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ بولغاندىن كيىن، خۇددى تۈركىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق باشقا دېموكراتىك دۆلەتلەردىكەك شەكىلدە ھەم مەۋقەدە مەۋجۇت بولسا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولار ئىدى. ئەپسۇسكى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل پىكىر ئېقىملىرىنى ئۆز ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تاللىشى ئەمىلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا زىدىيەتلىشىپ ھەتتا بىر-بىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق رەقىبلىرىنىڭ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كىتىشىگە، ئۇيغۇرلارنى ئىچكى جەھەتتىن ئاجىزلىتىشىغا

پۈرسەت يارىتىپ بەردى. ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگونىڭ تۈلكىسى دەپ ئاتالغان ئاتاغلىق دىپلومات جاڭ جىجوڭ ئۆز ئەسلىمىسىدە بۇ ئىككى گورۇھنىڭ زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا زىددىيىتىنى كۈچەيتكەنلىكىنى ئىقرار قىلىدۇ. شۇنىڭدەك مەيلى كونسېرۋاتىپلار ۋە ياكى رادىكاللار بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاخىرقى مەقسىدىنىڭ يەنىلا مۇستەقىللىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ(28).

قانداق بولۇشتىن قەتئىي نەزەر، 20 –ئەسىرنىڭ دەسلىۋىدە ياۋرو–ئاسىيادا يۈز بەرگەن زور سىياسىي ۋەقەلەر، ھەم ئىدىيولوگىيەلىك توقۇنۇشلاردا ئۇيغۇرلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئىپادىلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇش، مۇستەقىل مىللىي دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىنى ۋە غايىسىنى دۇنياغا بىلدۈردى. ئۇيغۇر سىياسىيونلىرى ئۆزلىرى ئىشەنگەن سىياسىي ئىدىيە ۋە ئېقىملار شۇنىڭدەك كۆرەش يوللىرى ۋە ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئاخىرقى ئورتاق مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن تىرىشتى، ئۇرۇندى ۋە بۇ ئورتاق غايە ھەم مەقسەتلىرى ئۈچۈن زور بەدەللەرنى تۆلىدى.

خۇلاسە

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك سىياسى تارىخىغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق كۈرەشلىرىدە رەقىبلىرى تەرىپىدىن بىۋاستە جىسمانىي جەھەتتىن يېڭىلگەن ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ رەقىبلىرىنىڭ غالىب چىقىشى كۆپىنچە ھالدا بۇ مىللەتنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق ۋە سىياسىي جەھەتتىكى يېتەرسىزلىك، بۇنىڭغا قوشۇلۇپ تاشقىي چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرىنى قامال قىلىۋېلىشى نەتىجىسىدە ئەمەلگە ئاشقان . ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئىچكى نىزالار، رايونلار ئارىسىدىكى مىللى پىسخىكىلىك ۋە مەدەنىيەت پەرىقلىرى ۋە شۇنىڭدەك ئىدىيولوگىيەلىك توقۇنۇشلار 20 –ئەسىر ئۇيغۇر سىياسىي ھاياتىنىڭ بەختسىزلىكلەرگە يولۇقىشىدىكى ئامىللاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىچكىي ئامىل بىرىنچى دىگەندەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن ھەممە شەخسى مەنپەئەتلەردىن ۋاز كېچىش، ئۆز ئارا بىرلىك ۋە ئۇيۇشقاقلىقىنى قەدىرلەش روھىنىڭ كەمچىللىكى، ھۆرلۈككە مۇھتاجلىقى بار، ئۇزۇن مەزگىللىك كۈرەش ئەنئەنىسىگە ئىگە ھەمدە بۇ يولدا ئەددىدىن زىيادە كۆپ قۇربان بەرگەن ئۇيغۇردەك مىللەت ئۈچۈن زور پاجىئە ھېسابلىناتتى.

قىسقىسى ياۋرو- ئاسىيانىڭ يۈرىكى ھېسابلانغان ئۇيغۇر ۋەتىنى 19–ۋە 20- ئەسىر سىياسىي تارىخىدا ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك تەلەيسىزلىكى سەۋەبىدە ئەتراپتىكى قۇدرەتلىك كۈچلەرنىڭ چوڭ شاھمات تاختىسىدىكى پىشكىلەر كەبى ئوينىلىش ۋە قۇربان قىلىۋېتىلىش قىسمىتىگە دۇچ كېلىپ خەستىلەندى.

ئۇيغۇر سىياسىي تەقدىرى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ تاشقىي سىياسىي ستراتېگىيەلىرىدىكى ئويۇن قەرتىگە ئايلىنىپ، دىپلوماتىك سورۇنلارنىڭ ئويۇنچىقى بولدى. ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلاردەك باشقا چوڭ دۆلەتلەرنىڭ مىللىي مەنپەئەتلىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەن يەنە باشقا مىللەت يوق دىسەكمۇ خاتالاشمايمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق كۆڭۈللىكى، ئۆز ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتە دائىم باشقىلارنىڭ ۋەدىسىگە ئاسان ئىشىنىپ، ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى سەل چاغلىشى ھەمدە تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىكىمۇ مەلۇم رول ئوينىدى. ئەلبەتتە، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئاجىز مىللەتلەردە ئەنە شۇنداق ئاق كۆڭۈللۈك يەنى باشقىلاردىن ياخشىلىق كۈتۈش ۋە ئۈمىد باغلاش پىخسىكىسى بولىدۇ. مەركىزى ئاسىيا، ئىدىل–ئورال ۋە كاۋكازىيەدىكى تۈركىي تىللىق قېرىنداش خەلقلەرنىڭ 20–ئەسىردە بېسىپ ئۆتكەن سىياسىي مۇساپىلىرى ۋە دۇچ كەلگەن سىياسىي قىسمەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە. ئۇيغۇرلار دىنى جەھەتتە ئىسلام دۇنياسىنىڭ، تىل جەھەتتە تۈرك دۇنياسىنىڭ ، جۇغراپىيە جەھەتتە مەركىزى ياۋرۇ–ئاسىيانىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەزكۇر ئۈچ چوڭ گەۋدىنى بىر پۈتۈنلىككە ئىگە قىلغان . شۇنداق ئىكەن، دىمەك ئۇيغۇرسىز بىرپۈتۈن تۈركىي تىللار گەۋدىسى ۋە تۈرك مەدەنىيىتى ، ئۇيغۇرسىز بىر پۈتۈن گۈللەنگەن ئىسلام دۇنياسى، ئۇيغۇرسىز بىر پۈتۈن، تىنچ ۋە مۇقۇم مەركىزى ياۋرۇ–ئاسىيا سىياسىي ھاياتى بولمايدۇ خالاس! مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىنەزەر، 19–20–ئەسىر ئۇيغۇرلار ئۈچۈن زور ئىزتىراپلارنى چەككەن، ھەددى–ھېساپسىز قۇربانلارنى بەرگەن ئازاپلىق بەتلەر بىلەن پۈتۈلگەن بولسا، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر خەلقىگە ھاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى، پىداكارلىقلارنى شۇنىڭدەك قۇدرەتلىك ۋە شەرەپلىك ئۆتمۈشكە چۇقۇنۇش بىلەن پارلاق كېلىچەككە نىسپەتەن ئۈمىد ئۈزمەسلىك روھىنى ئاتا قىلغان ئەسىر بولدى. ئۇيغۇر روھىيەت قۇرۇلمىسى كۈنسايىن ئۈمىدسىزلىنىش ۋە زەئىپلىشىش ئەمەس بەلكى، تېخىمۇ مۇستەكەملىنىش ۋە تاكامۇللىشىش ھۆجەيرىلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، ئۆزىنىڭ ھېچقاچان تارىخ قۇرلىرىدىن

ئۆچمەس ۋە يوقالماسلىقىغا كاپالەت تۇرغۇزدى.

ئىزاھاتلار:

(1) مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا. شەرقى تۈركىستان تارىخى، ئەنقەرە، 1998-يىلى نەشرى، 466-بەت.
(2) زبىگنېۋ برژېنسكي . چوڭ شاھمات تاختىسى .ئىنتېرنىتكە قويۇلغان رۇسچە تەرجىمىسى.
http://www.lib.ru/politolog/america/bzhezinskij.txt
(3) دۇبرو ۋوسكايا د . شىنجاڭنىڭ تەقدىرى،1997-يىلى موسكۋا(رۇسچە)، داۋۇت ئىسىيېۋ، يەتتە شەھەر دۆلىتى،1990-يىلى ئالماتا (ئۇيغۇرچە)
(4) روسىيەنىڭ 19-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى تاشقى سىياسەت تارىخى.1999-يىلى موسكۋا، 166-بەت(رۇسچە)
(5) شۇ كىتاپ 167-بەت
(6) شۇ كىتاپ 167-بەت
(7) قۇربان ۋەلى قالىدى. An Islamic Biographida Dictionary of the Eastern kazakh Steppe 1770-1992.
ئاللى فرانىك ۋە مىرقاسىم ئوسمانوف تەرپىدىن تەييارلانغان . بىرىلل لېيدېن-بوستون . 2005 37-38-بەتلەر
(8) مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا .342-343-بەتلەر
(9) شۇ كىتاپ.346-بەت
(10) دۇبروۋىسكايا.شۇ كىتاپ موسكۋا نەشرى(روسچە)
(11) جامىس مىللۋارد. Beyond the pass. Economoy,Ethnicity and Empire in qing Central Asia,1759-1864.Stanford University Press.1998
(12) غوجائەخمەت سەددۋاققاسوف تاللانما ئەسەرلىرى ،2001-يىلى ئالماتا.55-بەت(رۇسچە-ئۇيغۇرچە ماقالىلار)
(13) شۇ كىتاپ 55-بەت ۋە چوقان ۋەلىخانوۋ تاللانما ئەسەرلىرى. 1986 - يىل .
(14) ئا.ن. كروپاتكىن . قەشقەرىيە. 121.122 - بەتلەر. (روسچە نەشرى)
(15) بارمىن . سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شىنجاڭ 1941 - 1949 يىللىرى - بارنائول. 1989 - يىلى ۋە سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى باش كاتىۋى ئابدۇرۇپ مەخسۇم بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت. 2002 - يىل نويابىر.
(16) ئازىيا تۇردۇيېۋا. قىتاي قىرغىزدىرىنىن تارىخىنان- ئالا - توئو جورنىلى. بىشكەك ، 1997-يىلى، 23-بەت(قىرغىزچە)
(17) بۇ ھەقتە كۆپ ماتىرىياللار بار. مۇسا ئەپەندى. تۈركىستان پاجىئەسى، ئىستانبۇل ،ھەمدۇللا تارىم. تۈركىستان تارىخى . ئىستانبۇل. (بۇلار قول يازما شەكلىدىكى نەشرلەر) ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خېۋىر تۆمۈر، باي ئىزىز ۋە باشقىلارنىڭ ماقالىلىرىغا قارالسۇن.
(18) سابىق ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ باشلىقى ، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى خىتاي ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ خادىمى تۇرسۇن سادىقوۋ بىلەن 1993 - يىلى ، موسكۋادا ئۆتكەزگەن سۆھبەت. بۇ كىشى 1995 - يىلى ، موسكۋادا ۋاپات بولغان.
(19) سىرىيوشكىن.ك.خىتايدىكى مىللى بۆلگىنچىلىكنىڭ رىيائاللىقى ۋە ئويدۇرمىلىقى شۇنىڭدەك مەركىزى ئاسىيانىڭ بىخەتەرلىكى. 2003. ئالماتى(دائىك - پرەسس) نەشرىياتى. 439،437-بەتلەر(رۇسچە)
(20) Gavin hambily.Central Asia.Dell Publishing Co.Inc.New York.1969 خەنزۇچە نەشرى .1994-يىلى.ب خەنزۇچە نەشرى .1994-يىلى. بېيجىڭ. 264،262-بەتلەر.
قىرىم تاتارلىرىغا ئائىت تورلۇق ئىنتېرنىت تورلىرىدىكى ئۇچۇرلار. مەسىلەن. بۇ تورغا قاراڭ.
Http://www.euronet.nl/users/sota/gaspirali.html
(21) شۇ كىتاپ 254-257-بەتلەر
(22) مىرسائىد سۇلتان غالىيېۋ ۋە ئۇنىڭ ئىددىيىسى. بولشېۋىزىم، ئىسلام ۋە مىللى مەسىلىلەر.
(23) ئەلىخان تۆرە ساغۇنى .تۈركىستان قايغۇسى. 2003-يىلى،نەشرىيات مەتبەە. تاشكەنت 66-86-بەتلەر(ئۆزبېكچە)
(24) قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تارىخى. 24 - باپ. قازاقىستان پۇقرالارىنىڭ قارشىلىق باسقۇچىدا ئىنتېرنىتكە قويۇلغان نۇسخىسى.
Htpp://kazref.narod.ru/lib/hiskz/g24.htm
(25) بارمىن . ۋ.ئا. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شىنجاڭ 1918 - 1941 - يىللىرى. بارنۇئال. 1998 - يىلى. 85 - 87 - بەتلەر.
(26) ئا.روزى باقىيېۋ. بۇرھان قاسىموۋ. ئالماتا. 1992 - يىلى.18- 19 - بەتلەر.«پەرۋاز» مەجمۇئەسى. 1994-يىلى، ئالماتا. جازىۋشى نەشرىياتى. 3،17-بەتلەر. ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇرۇلمىسى .1989-يىلى، ئالما-ئاتۇكا نەشرىياتى. 45،42-بەتلەر(رۇسچە)
(27) 1945-يىلى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى ئارىسىدىكى سۆھبەتتە نەنجىڭ ۋەكىلى بولغان جاڭ جىجوڭ ئۆز ئەسلىمىسىدە بۇ ئىككى گورۇھنى شۇنداق ئاتايدۇ ھەمدە ھەر ئىككىلىسىنىڭ مەقسىدىنىڭ ئاخىرقى ھېساپتا مۇستەقىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
(28) جاڭ جىجوڭ، ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازات بولغانغا قەدەر. ئۈرۈمچى .459، 464، 469-بەتلەر

# ئوغۇزخاننىڭ دۇئاسى

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، سىز ئوقۇۋاتقان بۇ دۇئا ئۇلۇغ ئەجدادىمىز ئوغۇز خاقاننىڭ تۈركلۈك دۇئاسى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ مەنىۋي قىممىتىنى يوقاتماستىن كۈنىمىزگىچە يىتىپ كەلدى. بۇنى ئاڭلىغان تۈرك قەۋمىنىڭ ھەربىر ئەزاسى جۈملىدىن ھەربىر ئۇيغۇر بۇ دۇئانىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىشى ۋە ئۆز ھاياتىغا تەدبىقلىشى ئىنتايىن مۇھىم. شۇنداقلا باشقىلارغا تەشۋىق قىلىشى مۇمكىن بولسا ئۆگۈتىشى زۆرۈر. ئاتالار سۆزىدىن شۇنەرسە ئايانكى، نومۇس ۋە غورۇر ئۈچۈن ياشاش، ئىنسان ھاياتىنىڭ قىممىتى ۋە ماھىيىتىدۇر. ھەربىر ئىنساننىڭ نومۇس ۋە غورۇرى، شۇ ئىنسان تەۋە بولغان مىللەتنىڭ يۈكسەك غورۇرى ۋە شەرىپى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. مىللىي ئەركىنلىكنىڭ ئاچقۇچى، مىللىي روھدۇر، بىز ئوغۇزخاننىڭ دۇئاسىنى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق، ھەركۈنى ئوقۇش ئارقىلىق مىللىي روھىمىزنى تىكلەيلى ۋە قايتا تاۋلايلى.

----تەرجىماندىن

ئوغۇزخاننىڭ دۇئاسى

ئۇلۇغ تەڭرى، گۈزەل تەڭرى، كۆك تەڭرى،

سەن تۈرك قەۋمىنى ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى قوغدىغىن! دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلىغىن! تۈركلەرنىڭ يىگىتلىكىنى داۋام قىلغىن! تۈركلەرنى ئەرلىك دەۋاسى بىلەن ياشايدىغان قىلغىن! تۈركلەرنى راستچىل قىلغىن! تۈرك قەۋمىنىڭ قەلبىگە ھەممىدىن بۇرۇن، ھەتتاكى، قورسىقىغا نان بەرمەستىن بۇرۇن، تۈرۈكلۈك سۆيگۈسىنى بەر! تۈركلەرنى ئەقىل بىلەن ياشاتقىن ۋە ئەقلى، ھەقىقەتلەرنى تېپىش ئۈچۈن ئىشلىسۇن! ئەدەپ-ئەخلاقىنى جانلىرى كەبى ساقلات! تۈركلەرگە زوق ۋە راھەت بەرمە! ئەكسىنچە، جاپالاردا چىنىقتۇر! جاپالاردا يۈرەكلىرى، بىلەكلىرى، بەدەنلىرى تۆمۈر بولسۇن! بۇ جەھەتتە ئۇلارغا يۈكسەك قۇۋۋەت بەرگەيسەن! تۈركلەرنى جانلىق، چەبدەس قىلغايسەن! تۈركلەرگە تەڭداشسىز بىر خاراكتىر بەرگەيسەن! دەۋر ئالمىشىش

تۈركلەرنى جانلىق، چەبدەس قىلغايسەن! تۈركلەرگە تەڭداشسىز بىر خاراكتىر بەرگەيسەن! دەۋر ئالمىشىش تۈپەيلى ئۇلارنىڭ خاراكتىرى ئۆزگەرمىسۇن! پەقەت ۋە پەقەتلا كامالەتكە يۈزلەنسۇن!

## ئۇلۇغ تەڭرى!

مىللىي قۇۋۋەت، نومۇس، ئەخلاق، غەيرەت، قەتئىلىك، ئەقلىلىك ، تۈركچىلىك روھى، يۇرت سۆيەرلىك، ئىلىم، مۇكەممەل تەشكىللىچانلىق، ئىنتىزام، بەدەن قۇۋۋىتى ۋە بايلىق بىلەن ھاسىل بولغانلىرىدىن تۈرك قەۋمىگە بۇلارنى بەرگىن! تۈركلەردىن ئوغرى، نومۇسسىزلار كۆرۈلسە دەرھال يوقات! تۈرك قەۋمىگە ئۆزلۈك شۇنداقلا يۈكسەك بىر ئۆزلۈك بەرگىن! تۈرك قەۋمى ئۆز نەپسىگە ئىگە بولسۇن! تۈركلەرنى مۇھاكىملىك ۋە جىددى ياشايدىغان ئادەم قىلىپ يارات! ھېسسىياتىغا بىرىلىپ، غەزەپ بىلەن ئىسيان قىلمىسۇن! بىردەملىك ئاقار يۇلدۇزدەك پارلىمىسۇن! ھەردائىم سوغاق قان بولسۇن! تۈرك قەۋمىنى ھەرمىللەتتىن جەسۇر ياراتقىن! ئۆچ ئېلىشنى تۈرك قەۋمى ئەسلا ئۇنۇتمىسۇن!

## ئۇلۇغ تەڭرى!

بىر نەپەر بولسىمۇ نومۇسسىز تۈرك ياراتقاندىن، دۇنيانى يەنە بىر قېتىم پاكىز يۇغايسەن! تۈركلەردە قانچىلىك قورقۇنچاق بولسا، ھەممىنى ھالاك قىلغىن! تۈركلەر ھەرنەرسىنى سېلىشتۇرسۇن! ئۇلارنى پەقەتلا ئەقىل ۋە مەنتىق دىگەن نەرسىلەرگە تاشلاپ قويما! سەبىرلىك، دەرتكە چىدامىلىق بولسۇن! ئىرادىسى پولاتتەك بولسۇن! يېنىۋالغاق تۈركنى ياراتما! تۈرك قەۋمىنى مايمۇنغا ئوخشاش قارارسىز، سۆيۈق قىلما! تۈرك قەۋمى ھەردائىم ئېھتىيات بىلەن قەدەم باسسۇن! ھېچكىمنىڭ تاتلىق سۆزلىرىگە ئىشەنمىسۇن! ھېچكىمگە بېقىنىپ قالمىسۇن! خىزمەت ئەقىلدىن ئۈستۈن بىر قىممەت ياراتقاندا، ئۇلۇغ تەڭرىم! سەن تۈرك قەۋمىنى ئىشچان قىلغىن! تۈرك قەۋملىرىنىڭ ئۆمرى ئىشلەش بىلەن ئۆتسۇن! ئۇلارغا ھەر دائىم ئىشلەش سۆيگۈسىنى ئاتا قىلغىن!

مەن، قولنى قولغا تۇتۇپ بىرلىكتە ئىشلەشنى قورال قىلسۇن! ھورۇنلارنى دەرھال ئۆلتۈر! تۈرك قەۋمىگە ھەرمىللەتنىڭكىدىن ئۈستۈن ئەقىل بەرگىن! ئەقىل ۋە خىزمەت؛ بۇ ئىككىسى بىر ھالەتتە تۈرك قەۋمىنىڭ ئالدىدا تۇرمىسۇن! مىللىي بۈيۈكلىكنىڭ يىگانە شەرتى يۈكسەك ئىددىيال، بۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن ھەم يۈكسەك ئەخلاق، پىداكارلىق ۋە غەيرەت لازىم بولغاندا، تۈرك قەۋمىنى ئەخلاقلىق، غەيرەتلىك ۋە پىدائىي قىلغىن! تەڭرىم! تۈرك قەۋمىنى سەن ئۆز قولۇڭدا بىرلەشتۈرگەيسەن ۋە ھەممىدىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ روھلىرى بىرلەشسۇن! ئۇلارنى بىرباش بولۇپ بىرلىشىدىغان مەدەنىيەت ئىگىسى قىلغىن! تۈرك قەۋمىنى ئۆز ئەخلاقىغا سادىق قىلغىن! تەڭرىم! ئېي! تۈرك قەۋمى؛ بىلىڭلاركى، ئەجداتلارنىڭ ئىسىل ئەخلاقلىرى ئەسىرلەر داۋامىدا ھاسىل بولغان بۈيۈك بىرھىكمەتتۇر! تەڭرى مىنى ئەخلاق مىزانلىرىنى بۇزۇشتىن ۋە بۇزدۇرۇشتىن ساقلىدى ۋە يەنە ساقلىسۇن!

ئۇلۇغ تەڭرىم

تۈرك مىللىتىنى لاپ ئاتىدىغانلاردىن ئەمەس، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئىنسانلاردىن قىلغىن! بىر ئىشنى سۆزلەش ۋەزىپە بېجىرگەنلىك ئەمەس، ئۇنى ئەمەلىيەتتە قىلىش ۋە قىلدۇرۇشنىڭ ۋەزىپە بولىدىغانلىقىنى مىڭىلىرىگە قۇيغايسەن!

گۈزەل تەڭرى!

ساڭا ھەممىدىن بەك يالۋۇرىدىغىنىم شۇكى، تۈرك قەۋمىنى خوشامەتچىلىكتىن قۇتقازغىن! خوشامەتچىلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پەس قىلىقلارنىڭ كۆپىيىشىدىن ساقلىغىن! تۈرك قەۋمىگە پاسىق تاماخورلۇقنى يولاتمىغىن! خوشامەتچىلىكنى يوق قىلغايسەن!

ئامان تەڭرى!

تۈرك قەۋمىنىڭ ئائىلىسىنى، ئەخلاقىنى ۋە ئىنتىزامىنى ھەر ئىشتىن ئاۋۋال قوغدىغايسەن! تۈرك تۇپراقلىرىدا ھۆر ئىنسانلار ياشىسۇن، ئادالەتتىن باشقا ھېچ نەرسە ھۆكۈم سۈرمىسۇن! تەڭرى ! سەن تۈرك قەۋمىگە تەبىئىلىكنى ۋە تەبىئەتنى سۆيىدىغان سۆيگۈ ئاتا قىلغايسەن! تەڭرى! تۈرك تۇپراقلىرىدا يوقسۇللۇق شۇقەدەر ئازايسۇنكى، كەمبەغەللىك جىنايەت ھېساپلانسۇن!

دۇنيانى ياراتقان ئۇلۇغ تەڭرى!

تۈرك قەۋمگە ئىنسانىيەتنى ئويلاشتىن بۇرۇن تۈرك مىللىتىنى ئويلاندۇر! ئىسانلارنىڭ ئىنسانىيەت دىگەنلىرى كۆز بوياش ئۈچۈن ئىجات قىلىنغان بىر خىل بوياقتۇر. ئىنسانىيەت نىقابىنى تاقىۋالغان شۇنداق مىللەتلەر باركى، نىقاپلىرىنىڭ ئاستىدا ھايۋانلار ياشايدۇ. تەڭرى! تۈرك قەۋمگە ساغلام ۋە ئۈزۈلمەس ئىرادە ئاتا قىلغىن! مۇشەققەتلەردە، تاقەتنى، چىدامنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە غەيرەتنى ئاشۇرغىن! تۈرك قەۋمگە ۋەزىپە ئىشقىنى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئاساسىي خاراكتېر قىلىپ بەرگىن! تۈرك يۇرتلىرىدا مەسئۇلىيەتنى كام قىلمىغىن! ئەڭ بۈيۈك قۇۋۋەتنىڭ تۈركلۈك يىلتىزىدىن بولىدىغانلىقىنى تۈرك قەۋمگە ئۆگەتكەيسەن!

تەڭرى!

تۈرك قەۋمى ياشاۋاتقان ۋە تۈرك قەۋمى ئۈچۈن بەخش ئېتىپ بىرىلگەن زىمىنلارنى تائەبەتكە قەدەر تۈرك قەۋمىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قىلغايسەن!

# تۈگىدى

هۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، مەمنۇنلۇق بىلەن سىزنى تەبرىكلەيمىز! چۈنكى سىز ئەركىنلىك بوغۇلىۋاتقان، ئادالەت يوقۇلىۋاتقان، ئىنسانى غورۇر خورلىنىۋاتقان، ھەقىقەت كۆمۈلىۋاتقان، بەختسىزلىك يامراۋاتقان ۋە مىللى كىرىزىس ئۆتكۈرلەشكەن بىر مۇدھىش مۇھىتتا، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىددىيىسىنى، مۇددىئاسىنى ئەڭ ئەركىن، ئەڭ بىخەتەر بايان قىلالايدىغان بىردىن-بىر سەھنە-«غەرپ شامىلى» بىلەن تونۇشتىڭىز، ئۇ ئەمدى سىزنىڭ بولدى.

هۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، «غەرپ شامىلى» سىز ئۈچۈن ۋە مەن ئۈچۈن شۇنداقلا بىز ئۈچۈن، بىزنىڭ هۆرلۈكىمىز، كېلەچىكىمىز ئۈچۈن يېڭىدىن دۇنياغا كەلدى. ئۇ سىز بىلەن ھەرۋاقىت بىللە بولغۇسى! سىز بىلەن بىرگە گۈللەنگۈسى! سىز ئۇنىڭ بىلەن ئەركىنلىكنى، دېموكراتىيەنى، ئادالەتنى، ئىنسانلىقنى شۇنداقلا مەھكۈملۇقنى، خورلۇقنى، زالىملىقنى، يالغانلىقنى قايتىدىن تونۇپ چىقىسىز. بىز ھەم شۇنىڭغا تىلەكداشمىز!

مەرھەممەت! بىزگە پىكىر بېرىڭ، ئەسەر ئەۋەتىڭ، ئالاقىلىشىڭ. ئەمما سىزدىن كۈتىدىغان بىرلا ئۈمۈدىمىز: «غەرپ شامىلى» قولدىن-قولغا ئۆتسۇن، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچسۇنكى، ھەرگىز ياستۇقنىڭ ئاستىدا قالمىسۇن!

ئېھتىرام بىلەن «غەرپ شامىلى»ژورنىلى تەھرىر


Post adress:

SUK

Box 45

631 02 Eskilstuna

SWEDEN

E-post adress:

gherpshamili@uygurie.com
suk@uygurie.com

Webadress:

www.uygurie.com

Telefon: 004616 421305
Fax: 004616 480044



Banka: 272403-7 Svenska Uygur Kommittén(SUK)

خەلقئارا ژورنال نومۇرى: ISSN 1652-0165

# Gherp Shamilli

*Utges av Svenska Uygur Kommittén*



**Postadress:** SUK
Box 45
631 02 Eskilstuna
SWEDEN
**Telefon:** 0046 16 421305
**Fax:** 0046 16 421305
**E-post:** gherpshamili@uygurie.com
**E-post:** suk@uygurie.com
**Webbsida:** www.uygurie.com



**Postgiro: 272403-7**
**Org nr: 802414/2351**



**Chefredaktör:** *Kurash Sultan*
**Ansvarig utgivare:** *Kurash Sultan*
**Redaktör:** *Turkizat Abit*
*Abdurishit Haji*
**Redaktion:**

1. *Ablikim Baki(USA)*
2. *Alimjan(Kazakistan)*
3. *Semet(Norge)*
4. *Kamiljan(Finland)*
5. *Nebijan(USA)*
6. *Parhat(Tyskland)*
7. *Rukiye(Kanada)*
8. *Kahar(USA)*
9. *Ehmetjan(Turkiyet)*
10. *Omar(USA)*
11. *Xohrat(USA)*



**Upplaga: 1000 ex**
**ISSN: 1652-0165**

**Tryckeri: tryckverket**

**4 gånger om året**



*För innehåll och åsikter i tidningen ansvarar de enskilda skribenterna. Det är inte nödvändigtvis Gherp Shamilis ståndpunkt som uttrycks.*


## INNEHÅLL


Turkistans sår.........................5
..................Elihan Töre

Personernas roll i historia..............16
.................Sidiq Haji Rozi

Det lag om nationell territoriells autonomi...............................23
.................Ablikim Baqi Iltebir

Text av marscher..........................31
.................Kurash Sultan

Hun är en flag, Hun är en leder, Hun är en väg....................................40
................Muhemmet Imin Hezret

Onda öden på store schackbordet......47
................Nebijan Tursun

Ber om gud...........................60
................Oguzhan

# شۋېتسىيە «كۇسەن» كالارىيەسى ئۈچۈن تەييارلىغان مىڭ ئۆي تام سىزمىلىرىدىن نامۇنىلەر

رەسسام: قەيسەر ئابدۇرۇسۇل



شۋېتسىيەدە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن



شۋېتسىيەدە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن



شۋېتسىيەدە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن



شۋېتسىيەدە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن



# تاش ئابىدىلەر-مەڭگۈلۈك تاش كىتاب

## كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى

ئەقىل-پاراسەتلىك، باتۇر ئەجدادلىرىمىز ئۆز ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ماددىي بايلىقلارنى ئەمەس، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا تۇپراقلىرىنى ۋە مۇقەددەس تۇپراقلارنىڭ ھۆججىتى سۈپىتىدە مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىنى شۇنداقلا بۇ ئابىدىلەردە يالقۇراپ تۇرغان ئەقىل دۇردانىلىرىنى مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇنداق ئابىدە تىكلەش ئەنئەنىسى ۋە مەدەنىيىتى دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر تارىخىدا كەم كۆرۈلىدىغان مەدەنىيەت ھادىسىسى.

خۇشاللىنارلىق يېرى، بۈگۈنكى ئەۋلادلار ئۆز ئەجدادىنىڭ يادنامىلىرى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتى يارالماقتا.

ئېچىنارلىقى، بۇ نەچچە مىڭ يىللىق ئابىدىلەر بۈگۈنگە قەدەر ئۆز مىراسخورلىرىنىڭ قولىدا مۇكەممەل تەتقىق قىلىنماستىن، باشقىلارنىڭ قولىدا، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ياكى تارىخىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى كۆپىنچە ھاللاردا سىياسىي مەقسەت بىلەن تەتقىق قىلىنىپ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تاش پۈتۈك مەدەنىيىتىگە ھەر خىل تەبىر- ئىزاھات ، چۈشەندۈرۈشلەر بېرىلدى.

ئىنسان-ئۆتمۈشنى بىلىش ۋە كېلەچىكىنى يارىتىش بىلەن ئىنساندۇر.

ئەۋلادلارنى تارىخ بىلەن تەربىيلەش- ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەكنى تۇتاشتۇرۇش دېمەكتۇر.

ئەنە شۇ تۇتىشىش نۇقتىسىدا بىز بىر كۆۋرۈك بولالىساق دىگەن مەقسەتتە تارىخىمىزدىكى ھازىرغا قەدەر بايقالغان تاش پۈتۈكلەرنى چەكلىك سەھىپىلەردە ئاز- ئازدىن بولسىمۇ تونۇشتۇرۇشنى لايىق تاپتۇق

---«غەرپ شامىلى» ژۇرنىلى